مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتورى : خەيرىنىسا ئىسم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : رىزۋان نۇردى

# تۇرمۇش ۋە ئىلھام
( ئوبزورلار )

ئابدۇۋېلى كېرىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 No )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 ملليمېتر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 4.625
1996 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 2000 — 1
ISBN7—228—02816—3/I • 994
باھاسى : 5.00 يۈەن

## مۇندەرىجە


ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش
يولىدا .................................... (1)
تۇرمۇش ۋە ئىلھام ........................ (21)
يېڭى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ
تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە ............ (39)
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدى-
دىكى جەڭگىۋار رېئالىزم ....................... (63)
ئىلھام ۋە ماھارەت .......................... (78)
كۆرەشچان يىللارنىڭ شېرىن مېۋىسى ...... (98)
مۇۋەپپەقىيەت ئىزدەنگۈچىلەرگە
مەنسۇپ .......................................... (109)
تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەملەر ......... (117)
تېپىشچان ئېلىيوۋ شېئىرلىرىدىكى
مېتافورىلار ........................................ (130)

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش يولىدا

1983- يىلى « تارىم » ژۇرنىلى « سۇبھى » ، « يول » ، « مېھرىبان » قاتارلىق پوۋېستلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ھېكايىچىلىقتىن يىرىك ژانىرلارغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە يېڭىدىن - يېڭى ئىزدىنىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى.

« سۇبھى » پوۋېستى يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ « ئابرال شاماللىرى » رومانىدىن كېيىن كىتابخانلارغا تەقدىم قىلغان، يېزا ھاياتىنى تېما قىلغان يەنە بىر يىرىك ئەسىرى.

ئەدەبىي تەنقىدچى بېلىنىسكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ : « ئەدەبىيات — يازغۇچىلارنىڭ قۇرۇق - قۇرۇق خىيال سۈرۈشىدىن ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، بەلكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن ئەركىن ئىلھام ئېلىشتىن ۋە ئادەملەرنىڭ زور غەيرىتىدىن ھاسىل بولىدۇ »① دېگەنىدى. ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ « . . . سەزگۈسى، قۇلىقى، كۆزى ۋە يۈرىكى » بولغان يازغۇچى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆزگىچىلىكىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ۋە ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا دۇچ كېلىۋاتقان

---

① بېلىنىسكى : « ماقالىلەر » 1956- يىل تاشكەنت، ئۇيغۇرچە نەشرى، 10- بەت.

« تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى » نى سەزگۈرلۈك بىلەن تېپىپ چىقىپ، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىشى، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئىلھام بېرىشى لازىم.

يازغۇچى زوردۇن سابىر «سۇبھى» پوۋېستىدا بىر ئىجادكارغا خاس مەسئۇلىيەت بىلەن نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان يېڭى بىر مەسىلىنى ، يەنى ئىلمىي تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئالاقىدار بىر مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك تېخنىك خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى جانلىق تەسۋىرلەپ ، يېزىلاردا ئىلمىي تېرىقچىلىقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بىرقەدەر مول بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇ خىل ئىدىيىۋى مەزمۇن يازغۇچىغا ئەڭ تونۇش بولغان ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس كونكرېت تۇرمۇش ۋەقەلىرى ۋە تىپىك پېرسوناژلارنىڭ كۆركەم تەسۋىرى ئارقىلىق خېلى روشەن ئىپچىپ بېرىلگەن.

پوۋېست ۋەقەلىكى يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى ئەسئەتنىڭ مەلۇم بىر يېزىدا بۇغدايىنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىنچىكە، جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئەسئەتنىڭ راھەتكە يازغان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان خېتى ئارقىلىق بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ئىلى ۋادىسىنى بۇغداي ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش

قىلىۋاتقان ئەسئەت ۋە ياش ئاگرانوم قىز سۇبھى بىلەن تونۇشىمىز. پوۋېست ۋەقەلىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغان ئالماشتۇرۇپ تېرىش سىنىقىنى كېڭەيتىپ تېرىشقا ئۆزگەرتىش بىلەن كېڭەيتىپ تېرىشقا ئىشەنچ باغلىيالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ، ئىلمىي خادىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ناھىيىنىڭ ئىلىم-پەنگە ئىشتىياق باغلىغان ھاكىمى تەرىپىدىن قوللاشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، كېڭەيتىپ تېرىشنى تۈنجى قېتىم كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتى يارىتىلىپ، ھەممە كىشى غەلىبە ئىشەنچىسى بىلەن تولۇپ تاشىدۇ.

پوۋېست تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ كۆركەملىكى، تەپسىلاتلىرىنىڭ ئاددىي ھەم چىنلىقى، پېرسوناژلار خاراكتېرلىرىنىڭ جانلىق ھەم تىپىكلىكى، ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇر ۋە جۇشقۇنلۇقلۇقى، بەدىئىي شەكلىنىڭ يېڭى ۋە ئىخچاملىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى يېڭى ئىستېتىك زوقنىڭ شېرىن لەززىتى بىلەن تولدۇرۇدۇ.

پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار پۈتۈنلەي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىن تاللىۋېلىنغان ھەم ئومۇملۇققا، ھەم روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئادەتتىكى يېزا كىشىلىرىدۇر. ئىلمىي تېرىقچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلىمنى يۇغداي ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىنىڭ ئىگىسى بولغان ئەسئەت پوۋېستنىڭ باش قەھرىمانىدۇر.

ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئىلمىي خادىم ئەسئەت سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن بۇ مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ كېلىشىلا تېخى ياش بولۇشىغا قارىماستىن ۋىلىيامىس قانۇنىنى تەتبىقلاشقا جۈرئەت قىلغان ئاگرانوم قىز سۇبھىنىڭ

مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئىلمىي تەجرىبىسىنى دادىل ئومۇملاشتۇرۇش، كېڭەيتىپ تېرىش توغرىسىدىكى پىلانىنى قەتئىي قوللايدۇ، بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان كونسېرۋاتىپلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى پرىنسىپال كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىلمىي تېرىقچىلىقنى پاتراق كېڭەيتىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپرەك بايلىق يارىتىش، ئۆز يېزىسىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان ھەمراغا ئوخشاش ئۇن مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ تەلەپ - ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئىستىكى بىلەن يانىدۇ. «ئىلىم - پەن خادىمى ئۈچۈن تەجرىبىخانىدىن جەمئىيەتكە قەدەم تاشلاش، ئىلمىي ھۆكۈمدىن ماددىغا ئۆتۈش، خەلق ئۈچۈن بايلىق يارىتىش - ئەڭ چوڭ بەخت» . مانا بۇ ئەسئەتنىڭ «ئۆزى بىلىدىغان ئىشنى جېنىدەك قەدىرلەپ» ئەمگەك قىلىشنىڭ چىقىش ئوقتىسى ۋە ئۇنىڭ كۈرەش ئىرادىسى. ئۇ بۇ ئېتىقادىغا سادىق بولىدۇ. پارتىيە 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان مىليونلىغان زىيالىيلىرىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە مانا شۇنداق ئۇلۇغۋار روھ ۋە شىجائەت بىلەن ئەمگەك قىلماقتا. ئەسئەت ئوبرازى بىزگە شۇنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلدۇرىدۇكى، زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئۆگەنگەن بىلىمى ئارقىلىق ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئارتۇق تەسەللى بولمايدۇ، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنى ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

يازغۇچى ئەسئەت ئوبرازىنى يارىتىشتا پۈتۈنلەي يېڭى يول تۇتقان. يەنى پېرسوناژنى «دەۋر روھىنىڭ نۇقۇل كارنىيىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش» تەك ئاددىي، قوپال ئۇسۇللارغا بېرىلمەستىن، بىر تەرەپتىن ئەسئەتنىڭ ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە باي مەنىۋى

دۇنياسىنى، ئەمەلىي ئىش قىلىشتىكى جەسۇر ئىرادىسىنى، تۇرمۇشنىڭ قاينام - تاشقىنلىرىدا پىششىپ يېتىلگەن قەتئىي خاراكتېرىنى، ئەمگەك بەخش ئەتكەن شادلىق تۇيغۇلىرىنى يورۇتۇپ بەرسە، يەنە بىرتەرەپتىن ئۇنىڭ يىگىتلىك ھەۋەسىنى تىزگىنلىيەلمەي تېپىشۋالغان ۋىجدان ئازابىنى ۋە كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىرتەرەپلىمە روھى ھالەتلىرىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرەلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل، نۇقسانسىز، كامالەتكە يەتكەن قىلىپ پەردازلايدىغان كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەسئەتنىڭ ئەگرى - توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماھىيىتىنى خېلى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلىگەن. يازغۇچى تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان ۋە دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان زىددىيەت - توقۇنۇشلاردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمەي، پېرسوناژلارنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ روھى ھالىتىنى كۆپ تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىش يولىدا ئىزدىنىشى كېرەك. يازغۇچى زوردۇن سابىر « سۇبھى » پوۋېستىدا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ئۈچ كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى يازغۇچى ئىجادىيىتىدىكى ئىزدىنىشنىڭ مۇھىم بىرتەرىپىدۇر. بەزى كىتابخانلار «مۇھەببەت ماجىرالىرى»-نى مۇنداق تەسۋىرلەش ئەسئەت ۋە غىلمان ھاكىم ئوبرازلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. بىراق مۇھەببەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى - بىر كىشىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ ساپ پاكى ساختىلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان زىل مەسىلىلەردىن بىرى، ئەسئەتنىڭ ئىككى قىزنىڭ مۇھەببىتىگە قارىتا ئۆز قەلبىدە ساقلاپ كەلگەن ئوخشاش بولمىغان ئەقىدىسى ئۇنىڭ

ۋىجدانلىــــق، ئالــــيجاناب ئەخلاقــــي پەزىلەتكە ئىــــگە، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئەقىل ئارقىلىق باشقۇرالايدىغان ئالىيلىق زىيالىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەسئەتنىڭ ئەقىدىسىنى شۇنچە قەتئىي قىلىپ كۆچەيتكەن نەرسە ئۇ ئۇشتۇمتۇت سادىر قىلىپ، تۇزىتىۋېلىشقا ئۇلگۈرەلمەي قالغان ھېلىقى سەت ئىش بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يىگىرمە نەچچە يىللىق ھاياتىنى ۋىجدان ئازابى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. كېيىن راھەتنىڭ چوغدەك تەپتى بار مۇھەببىتىگىمۇ سوغۇق قەلب بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئوتتۇشلۇق پۇرسەتلەرنىڭ ھەرقاندىقىدا بىھودە ھەۋەسكە بېرىلمەي، يېڭى ۋىجدان ئازابىغا ئورۇن قالدۇرمايدۇ.

دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق. لېكىن بىرىنچى قېتىم ئۆتكۈزگەن خاتالىقتىن بىر ئۆمۈرگە يەتكۈدەك ئاچچىق ساۋاق ئېلىش ۋە قەتئىي ئىرادىگە ئىگە بولۇش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىش لازىمكى، ئەسئەت ياشلىق دەۋرىدە ئەقلىنى بېسىپ چۈشكەن بەڭباش ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلمەي «جىنايەت» ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن قانچىلىك ئەيىبكار بولسا، ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن مۇھەببەتنىڭ ۋىسالىــــغا ئىــــگە بولالماي، كونا ئادەتلەرنىــــڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنمۇ شۇنچە ئەيــــىبسىــــزدۇر. يازغۇچىنىڭ ئەسئەت ئوبرازى ئارقىلىق يوشۇرغان خاھىشى دەل مۇشۇ بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشتا يۈز بېرىش ئېھتىمالــــى بولغان ئۇشتۇمتۇت ھادىسىلەردىن كىتابخانلارنى ئاگاھلاندۇرۇشنىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ئەسىرلەر بويى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ، ياشلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ كەلگەن كونا ئادەت كۈچلىرى داۋاملىق پەيدا قىلىپ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى چوڭقۇر پاش قىلىشنىمۇ مەقسەت قىلغان.

ئومۇمەن ئەسئەت ئوبرازى خېلى مۇكەممەل يارىتىلغان. ئۇنىــــڭ

ئالىيجاناب ئەخلاقي، ساپ ھېس - تۇيغۇلىرى، جانلىق، سالماقلىق، قەتئىي خاراكتېرى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئارزۇسى، ياشلارغا بولغان ئىزچىل غەمخورلۇقى كىتابخانلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىگە ئىلھام بېغىشلىيالايدۇ.

راھەت - پوۋېستتىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ. ئۇ ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ياشلارغا پارلاق ئىستىقبال ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بالدۇرراق تونۇپ يېتىپ، ئۆزى سۆيگەن ئاگرانوملۇق كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەسئەت ئىشلەۋاتقان مۇشۇ يېزىغا كېلىدۇ. ئۇ خېلى كۆپ تەنە، چەتكە قېقىش، كۆرەلمەسلىكلەرگە ئۇچراپ ۋە ئۇلارنى مەردانىلەرچە يېڭىپ، ئەسئەتتىن ھەرتەرەپلىمە ئۆگىنىپ، كەسپى ئىشىدا مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. يازغۇچى راھەت ئوبرازى ئارقىلىق يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم قويغان غايىلىك، ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ مەسخىرە، تاپا -تەنىلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان، توغرا ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بەرگەن. راھەتنىڭ خاراكتېرىمۇ تۇرمۇشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېخى مەكتەپ پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ دولقۇنىغا كىرىپ قېلىپ، ئۇ يەردىن ئىستىقبال تاپالماي، ساپ ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىغا كېلىپ، بىر ئەرنىڭ ئېتىز ئارىسىدىكى كەپىسىنىڭ يېنىغا كەپە تىكىپ ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىشى، ئەسئەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئۇنى قوغدىشى ۋە ئاسرىشى ئۇنىڭ قەتئىيلىكىنى، ئاڭلىقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئورتاق غايە، ئورتاق ئىش - ھەرىكەت بۇ ئىككى يۈرەكنى ئۇزۇن ئۆتمەي بىر - بىرىنى قەدىرلەيدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئاقىۋەت راھەت ئۆز ئۇستازىغا ئۇنىڭ پەقەت بىر بىلىم ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە، بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە ئۈن - تىنىسىز ھالدا قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى بېغىشلايدۇ. بىراق راھەت ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاۋاتقان مۇقەددەس ئەقىدىسىنى سىزىپ يەتكىنىدە ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ، كۈندەشلىك ئوتىدا پۇچىلانماي، غەيرەت - ئىرادىسىنى سۇندۇرماي، ئۆز ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ لەززەتلىك تەلپۈنۈشلىرىدىن ئاڭلىق ھالدا ۋاز كېچىدۇ. نەتىجىدە ئۇ، ئەسئەتنىڭ كەسپىي تايانچىسى بولۇش بىلەن بىللە مەنىۋى جەھەتتىكى غەمگۈزارى، مەدەتكارى ۋە ئاقىلغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ.

راھەت ئوبرازى خېلى تېپىكلىككە ئىگە. يازغۇچى ئۇنى تۇرمۇشتا كۆپرەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىككى كىشىنىڭ بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئوتتايلا مۇھەببەت ماجىراسى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەسۇم مۇھەببىتى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قارشى تەرەپنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولمىغاندا، ھەر بىر ئاڭلىق ياشنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئومۇمەن كىتابخان راھەت ئوبرازىدىن جەسۇر ئىرادە، كۈچلۈك ياشلىق غورۇر، ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مۇكەممەل بەدىئىي قىياپىتىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭدەك راھەتتەك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئۆز مۇھەببەت تۇيغۇلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى تولۇق چۈشىنىۋالالايدۇ.

سۇبھى ئوبرازى ئەسئەت ۋە راھەت ئوبرازىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئوبرازلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى (ئىلىم - پەننى سۆيىدىغانلىقى) ئۇ ھەققانىيەت ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ساغلام بىر كۆچەت. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەككە پىداكارلىق بىلەن ئاتلىنىشى، نامۇۋاپىق ئىشلارغا قارشى باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، كۈرەش قىلىدىغان جەڭگىۋار روھى، غەلىبىگە بولغان تەشنالىقى قاتارلىقلار ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بۈگۈنكى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ تىپىك خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇ ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، كېلەچەكنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسىنى ئۆز زىممىسىگە يۈكلىگەن ئاۋانگارت جەڭچى.

پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە يەنە بىر ئوبراز ئاۋام شۇجى ئوبرازىدۇر. ئۇ بىر تەرەپتىن قورسىقى كەڭ، ئىشتا جۈرئەتلىك، ماشىنىغا چۈشۈپ كەڭ يولدا مېڭىشتىن ئاتە ياكى موتسىكلىت مىنىپ، ئېتىزلارنى ئارىلاپ مېڭىشنى ئەلا كۆرىدىغان، دېھقانچىلىق كەسپىگە پىششىق، جىسمانى ئەمگەكتىن ئايرىلمىغان، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە رەھبىرىي كادىر. يازغۇچى ئاۋام ئوبرازىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدا ئوينايدىغان ئىنتايىن مۇھىم تەشكىلاتچىلىق رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاۋام شۇجى يەنە ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆز تەجرىبىسىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان، ئۆزۈمچىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك شەخس، ئۇ بىر تەرەپتىن يېزا تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە باشلامچىلىق قىلماقچى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ رولىغا تازا ئىشەنچ قىلالماي، ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە توسقۇن بولۇپ

قالىدۇ. بىراق ئۇنىڭ «توسقۇنلۇقى» ئىدىيۋى تونۇش مەسىلىسى بولغاچقا ئەمەلىيەتنىڭ تۈرتكىسى ۋە رەھبەرىي يولداشلارنىڭ تەنقىدى بىلەن تېزلا ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بۇغداي چانىقىدا ئۇنچە - مەرۋايىت پەيدا قىلالايدىغان» كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىزغىن قوللاپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنىدۇ.

ئىلمىي تېرىقچىلىقنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھەر قانداق يېڭى تەجرىبە، ئىلمىي ئۇسۇل-چارىلەر تەشكىلاتچىلىق، تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينايدىغان كادىرلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلانغاندىلا، يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى غىلمان ھاكىم ئوبرازى تېخى پروزىمىزدا ئۇچراپ باقمىغان ئۆزگىچە تەقدىر ۋە شارائىتنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ل. تولستوي باشقىلار تەسۋىرلىگەن ئوبرازلار ھەققىدە توختىلىپ: «... ھەي، سەن قانداق ئادەم، سېنىڭ مەن تونۇيدىغان ئادەملەردىن پەرقىڭ نەدە؟ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا قانداق قاراش مەسىلىسى ئۈستىدە سەن ماڭا نېمە يېڭى مەسىلىلەرنى ئېيتىپ بېرەلەيسەن؟...» دېگىنىدەك غىلمان ھاكىم ئوبرازى - بىز تونۇيدىغان ھاكىملاردىن پەرق قىلىدىغان، زامانغا لايىق بىلىم، ئىقتىدارغا ئىگە، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان، شۇنىڭدەك تۇرمۇشتىكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا قانداق قاراش، قانداق باھا بېرىش توغرىسىدا بىزگە يېڭىچە قاراش، يېڭىچە نوقتىئىنەزەر تەقدىم قىلىدىغان يېڭى ئوبراز.

ئۆتمۈش جەمئىيەتتە كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ كەمسىتىشىگە

ئۇچراپ ۋە ئۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ساپ قەلبلىك بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ تەقدىرىدە بۇگۈنكى كۈندە ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيىتىمىزنىڭ كونا جەمئىيەتكە ئوخشىمايدىغان ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى، ئۇشتۇمتۇت سادىر قىلغان بىرەر كەمچىلىك ۋە خاتالىق تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ چىقىش يولىنى ئېتىۋەتمەسلىك، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كەلتۈرگەن روھى ئازابلاردىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلق ئىشىغا بېغىشلاپ، ۋەتىنىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشقا كەڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرەلەيدىغانلىقىدۇر. ئەگەر يېڭى ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونا تۈزۈلمىلەر ئۆزگەرتىلمىسە، جەمئىيەتتىكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان يارىماس ئادەتلەر سۈپۈرۈپ تاشلانمىسا، غىلمان ھاكىمدەك ئىقتىدارلىق كىشىلەر ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، زايە بولۇپ كېتىدۇ. ئاپتورنىڭ غىلمان ھاكىم ئوبرازى ئارقىلىق كۆتۈرۈپ چىققان يېڭى خاھىشى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ ئوبراز ھېچقانداق ئەگرى-توقاي يول باسماي، يېڭى جەمئىيەتتە بىر تۈز سىزىق بويىچىلا ئۆسۈپ يېتىلىپ چىققان ھاكىم قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى پۈۋېستتا تەسۋىرلەنگەندەك ئۇنچىۋالا زور بولمىغان بولاتتى. بىز كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كونا قاراشلىرىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن ئەخلەت ئورىسىغا سۈپۈرۈۋېتىلىش خەۋپىدە تۇرغان ساپ ئالتۇنلارنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنى ئىمكان قەدەر بۇرۇنراق قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا جەمئىيەتكە ھەسسە قوشۇش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. غىلمان ھاكىم ئوبرازىنىڭ بىزگە تېخى تونۇشۇپ باقمىغان يېڭى ئوبراز بولۇپ تونۇلۇشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇيەردە. ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى

ماكسىم گوركى: « ئەدەبىياتنىڭ ئادەتتىكى ۋەزىپىسى ـ ئادەمدىكى گۈزەللىكنى، سەمىمىلىكنى، ئالىيجاناب پەزىلەتنى رەڭ، بوياق، يېزىق، مۇزىكا ۋە شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىشتۇر[1] » دەپ كۆرسەتكەنىدى. يازغۇچى بۇ ئوبرازدا نومۇس كۇچى بىلەن بىھۇدە نابۇت بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خەلققە، پارتىيىگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا پايدىلىق گۈزەللىكنى، سەمىمىلىكنى، ئالىيجاناب ئىنقىلابى روھنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ. ئومۇمەن، ئەسئەت ۋە غىلمان ھاكىم ئوبرازلىرىنىڭ مۇرەككەپ سەرگۈزەشتلىرى ئۆزگىرىشچان دەۋرىمىز تەرەققىياتىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق مۇساپىسىنى ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

پوۋېستتا يەنە « يېڭىلىقتا ئامراق، كەڭ قورساق » دادۇيجاڭ ھەمرا، ئۆز كەسپى ئارقىلىق ئابروي قازانغان، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ چارۋا تېخنىكى نۇرمەھەممەت قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىمۇ خېلى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

پوۋېستتا يۇقىرىدا كۆرستىلگەن ئىجابىي پېرسوناژلاردىن سىرت، ئۇلارغا قارشى قويۇلغان سەلبىي پېرسوناژلار تەسۋىرلەنگەن. بىراق ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ جاراھەتلىرى، كىشىلەر ئارىسىدىكى كونسېرۋاتىپلىق ۋە باشقا يېتەرسىزلىك، چەكلىمىلىكلەر چەتتە قالدۇرۇلماي ئېچىپ بېرىلگەن.

يازغۇچى ئەسىرىنى تۈزۈلۈش جەھەتتە ماۋزۇلارغا بۆلۈپ بايان قىلىش شەكلى ئارقىلىق بەدىئىي سەھنىنى ئىخچام ۋە يىغىنچاق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەزمۇننى مەركەزلىك ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. پوۋېستنىڭ سۇژېتى ئىككى لىنىيە بويىچە

---

[1] گوركى: (« ئەدەبىيات توغرىسىدا » دىن )

تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. بۇ ئىككى لېنىيە ۋەقەلىكى بەزىدە مۇستەقىل، بەزىدە ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كىتابخانلارنى دراماتىك توقۇنۇشلار قوينىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىش رولىنى ئوينىغان.

پۈۋېستتىكى ھەربىر پېرسوناژ بەدىئىي ئېھتىياج بويىچە پەيدا بولىدۇ. ئەسەردە بىرەر قېتىملا ئۇچراپ قالىدىغان كۆزەتچى مەتقۇل، قوناق شېخى تالىشىپ سوقۇشۇپ قالىدىغان ئىككى دېھقان، مېھمانخانىنىڭ كۆتكۈچى قىزى. . . قاتارلىقلارنىڭ غىل - پال پەيدا بولۇشىمۇ ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. تولۇق تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار بولسا، زىددىيەتنىڭ راۋاجى، ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە سەھنىگە چىقىپ، ئاساسىي قەھرىمانىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى تولۇقلىغان. پېرسوناژلارنىڭ خىلمۇ - خىل ھەرىكەتلىرى، تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق - چۈششەك كۆرۈنۈشلىرى، سورۇن، تەپسىلات، مەنزىرە تەسۋىرى قاتارلىقلار قەھرىمانلارنىڭ ئىدىيىسى، ھېس - تۇيغۇسى، ئارزۇ - ئارمىنى، مۇھەببەت - نەپرىتى بىلەن چەمبەر - چاس باغلانغان.

چىن تەسىرلىك تۇرمۇش تەپسىلاتى بەدىئىي ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى ئاساس. بىر پارچە ئەسەردە كىشىلەرگە گويا مۇشۇنداق بىر ئىش راستتىنلا بولۇپ ئۆتكەندەك چىنلىق تۇيغۇسى بېرىپ قايىل قىلىدىغان ۋە شۇ مىللەتنىڭ قويۇق مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر - ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنىڭ بولۇشى ئەسەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى چىنلىق بىلەن قايىل قىلىش كۈچىنىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبىلىك يازغۇچى ھەممىدىن بۇرۇن تەپسىلات تەسۋىرىگە ئەڭ كۆپ

ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ. نېمىشقا بەزى ئەسەرلەرنى كىشىنىڭ ئوقۇغۇسى كەلمەيدۇ؟ نېمىشقا بەزى ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرالمايدۇ؟ بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇ ئەسەرلەردە كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرگۈدەك، ھاياجانغا سالغۇدەك، بەدىئىي زوق پەيدا قىلغۇدەك گۈزەل تۇرمۇش تەپسىلاتىنىڭ بولمىغانلىقىدا. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ مەسىلىگە ئىنچىك تۈردە دىققەت قىلىپ كەلمەكتە.

پوۋېستىنىڭ تىلىنىمۇ ئالاھىدە پىششىقلاش ۋە تاۋلاش ئارقىلىق يېتىلدۈرگەن ئىجادىي ئەمگەك مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ. يازغۇچى ئەلۋەتتە، ئۆز مىللىتىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى قورال قىلىپ ئەسەر يېزىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق تېخى ھېچكىم ئىشلىتىپ باقمىغان ئوبرازلىق تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە مۇناسىپ ھەسسە قوشۇشى لازىم. «سۇبھى» پوۋېستىدىكى ھەربىر ھەرىكەت، ھەربىر قىياپەت، ھەربىر شەيئى ئۆزىگە خاس ئوبرازلىق ئىبارە، مۇۋاپىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى، ۋەقەلەرنىڭ جەريانى، تۇرمۇش ھادىسىلىرى شۇنچە روشەن ۋە جەزبىدار قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. «سالقىن مەيىن شامالدا كېپىنەكتەك پىلدىرلاۋاتقان ياپراقلارنىڭ ئاستى تەرەپلىرى يالتىراپ، كىشىدە خۇددى كۆكتىن كۆمۈش تەڭگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.» بۇنىڭغا ئوخشاش تەسۋىرلەرنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان يازغۇچىنىڭ ئوبرازلىق تىلىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

پوۋېستىنىڭ تىل جەھەتتىكى گۈزەللىكى پېرسوناژلار تىلىنىڭ

ئىندىۋىدۇئاللىقىدا تېخىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ھەربىر پېرسوناژنىڭ تىلىدىن ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، ياش قۇرامى ، مىجەز - خۇلقى، بىلىم سەۋىيىسى، ھايات شارائىتلىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك كۈچلۈك يەرلىك پۇراقمۇ گۇپۇلدەپ تۇرىدۇ.

«- مۇنۇ شاخلار مېنىڭ هوي گەكسى، - دەيىتتى پاكار، ئاچا مالىخاي كىيگەن ساقاللىق دېھقان ھازىرلا پارتىلايدىغاندەك كۆپۈپ، - سەككىز قۇر قوناقنىڭ ھەر قۇرىنى 8 فۇتتىن 6 مو 4 فۇتقا ھېسابلاب بەرگەن. خوتۇن بىلەن ئىككىمىز بامداتتىن يېنىپ مۆكچىيىشۇدۇق، قازاق پېشىن بىلەن ئاران تۈگىدى. ئۇيالماي شېخىنى باغلىشۋالغىنىڭنى قارا، ۋۇي پېتىرنان »

«-- ئۆيۈمگە ئوت قويىۋەتسە ۋاي دېمەيمەن، - دېدى سۇبھى ئىنچىكە قاشلىرىنى ھېمىرىپ سۆزلەپ ، - ئەمما لېكىن، بىرىنچىدىن، تەجرىبە ئېتىزىغا زىيان سالسا، ئىككىنچىدىن، ئۇستۇمدىن گەپ تاپسا، ئۈچىنچىدىن، قاقتى - سوقتى قىلىپ خىيانەت قىلىشسا ، تۆتىنچىدىن، ماڭا يامان نىيەتتە گەپ قىلسا، مەيلى كىم بولسا يانمايمەن ».

مانا بۇ دېئالوگلار سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى شۇنچە روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. قىسقىسى، يازغۇچى كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپ ئىشلىتىپ تونۇش بولۇپ كەتكەن سۆزلەرنى، تەييار ئىبارىلەرنى، مۇئەييەن تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئابستراكت ئاتالغۇلارنى ئىشلەتمىگەن. بەلكى بىر ئىجادكارغا خاس ئىجتىھات ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەرقانداق مەزمۇننى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئىجادىي، يېڭى، ئوبرازلىق جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى تۈزۈپ، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئىجادىي قوللانغان.

بەدىئىي ئىجادىيەتتە مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق ۋە خاسلىق بولغاندىلا، ئۇ ئەسەرنىڭ ھاياتى كۈچى تېخىمۇ زور بولۇپ، كىتابخانلاردا قايتا - قايتا ئوقۇش ئىستىكىنى قوزغىيالايدۇ، بۇنداق ئەسەر ھەر قېتىم ئوقۇغاندا يېڭى ھېس - تۇيغۇ، يېڭى تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ بۇ پوۋېستى يېڭى ۋە ئىجادىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، رەڭمۇ - رەڭ تەسۋىر ۋاستىلىرى، تىپىك ۋە يارقىن بەدىئىي چىنلىقى بىلەن دەۋر روھىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرىمىزنىڭ تەلپىگە دەل ۋاقتىدا جاۋاب بەرگەن ياخشى ئەسەر. يازغۇچىنىڭ خىلمۇ - خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنى ياخشى بىلىشى، ھاياتنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە بولغان كۆزىتىشى، ئىجادىي ئەمگەك جەريانىدىكى قىزغىن ئىزدىنىشى، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا بولغان تەلەپ، ئارزۇسى ئەسەرگە باشتىن - ئاخىر جان كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ. پوۋېستنى ئوقۇپ چىققان ھەر بىر كىتابخان، باش قەھرىمان ئەسئەتنىڭ مۇرادىغا يېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىدا، ئەسەرنىڭ بىردىنلا تاماملانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېستېتىك تەشنالىقىنىڭ قانمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھەرقانداق ئەسەرنىڭ كىتابخاندا ئويغىتىدىغان بۇنداق مەنىۋى تەشنالىقى ئەسەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ياشىيالايدىغانلىقىغا مۇنبەت زېمىن ھازىرلايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان ھەربىر پېرسوناژ باشتىن - ئاياغ ئۆز خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى، يازغۇچى پېرسوناژنىڭ تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن خاراكتېرىگە قالايمىقان ئارىلاشماي، تەبىئىي ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىشى لازىم. باش قەھرىمان ئەسئەت ئوبرازىنىڭ خاراكتېرى مۇشۇنداق ئۆلچەم بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەللىككە ئېرىشكەنلىكىگە قارىماي،

ئۇنىڭدا مۇھىم بىر ئاجىزلىقمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ ئاخىرقى قېتىم خىسلەت بۇۋى بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋىسال شادلىقلىرىنىڭ زوقىغا چۆمگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەنلا ئۇزۇن يىللار ساقلاپ كەلگەن ئەقىدىسىدىن يېنىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يازغۇچىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن سەھىپىلەردە قۇرۇپ چىققان ھەيۋەتلىك بىناسى بىر قېتىملىق شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي غۇلاپ چۈشىدۇ. يازغۇچى بۇ ئارقىلىق سوبيېكتىپ جەھەتتە راھەتكە بولغان خەيرخاھلىققا بېرىلىپ كېتىپ، ئەسئەت بىلەن خىسلەت بۇۋىنىڭ مۇقەددەس ئەقىدىسىگە ئېھتىرام بىلدۈرگەن ئالىيجاناب روھقا ئىگە راھەتكە بىر مۇكاپات تەقدىم قىلماقچى بولىدۇ. ھالبۇكى بۇ ھەرىكەت ئەسئەت ۋە راھەت ئوبرازلىرىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە سىغمايدىغان قوپال خاتالىقتۇر.

يازغۇچى تىپىك خاراكتېرلارنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى قوغلىشىش جەريانىدا بۇنىڭدىن باشقا بەزىبىر بىر تەرەپلىمىلىكلەردىنمۇ خالى بولالمىغان. مەسىلەن: دادۇيجاڭ ھەمرا ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ «قوشنىلار» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا يارىتىلغان دېھقانلار ئوبرازىدا سادىر بولغان «كەڭ قورساقلىق» نى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ كۆپتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋال تەكرارلانغان. يازغۇچى زوردۇن سابىر «قوشنىلار» ھېكايىسىدىكى سالى ئوبرازىنى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، كەڭ قورساق، تىللىشىش، سوقۇشۇش دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، قىسقىسى، سوغۇق تېمپېراتۇرىغا قىلچە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىممۇنىتېتى يوق ① «مۆمىن بەندە» قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. پوۋېستتىكى ھەمرا ئوبرازىدىنمۇ بۇ

① ئىممۇنىتېت ـ بەدەننىڭ ئاغرىققا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى.

خوسۇسىيەتلەرنىڭ كۆپى تېپىلىدۇ. بولۇپمۇ «كەڭ قورساقلىق» ئۇنىڭ يارقىن خۇسۇسىيىتى. ئۆتمۈشتە كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ سىنىپىي ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارىتا قارشىلىق كۆرسىتىش روھى كەمچىل ئىدى. بىراق، يېڭى زامان دېھقانلىرى ناھەقچىلىك، يولسىزلىق ۋە زوراۋانلىقلارغا «كەڭ قورساقلىق» بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ زىيىنىغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرالايدۇ دېسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولماي بەلكى كەمچىلىكى بولۇپ قالىدۇ. بۇخىل كەمچىلىك سالى ئوبرازىدىلا سادىر بولۇپ قالماستىن بەلكى ھەمرا ئوبرازىدىمۇ تەكرارلىنىدۇ. ئۇ بىر دادۇيجاڭ تۇرۇقلۇق دېھقانىنىڭ قان - تەرىنى، ئەجرىنى قوغداپ، زوراۋانلىقلارنى چەكلىمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلچە قارشىلىق كۆرسىتىش روھى بولمىسا، بۇنى قانداقمۇ يېڭى دەۋردىكى دېھقانلارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى دېگىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ يازغۇچىنىڭ دېھقانلار خۇسۇسىيىتى دېگەن ئۇقۇمغا «كەڭ قورساقلىق، ئاچچىقلانماسلىق» قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى زومۇ-زو تېڭىپ، دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا كۈندە دېگۈدەك نۇرغۇن قېتىملاپ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھەق - ناھەق كۈرەشلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە، خاھىشچانلىقنى تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنىڭ زۆرۈرىيەت ئېھتىياجى بويىچە ئىپادىلىمەي، ئۆز مەقسىتىگە بويسۇندۇرۇپ ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئەسەردە رېئاللىقتىن كېيىن قالغان بەزى ئىشلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ يازغۇچىنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلالمىغانلىقىدىن بولغان ۋە ئەسەرنىڭ ھاياتچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن. مەسىلەن: ناھىيە ھاكىمىنىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن «يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە چوڭ كۆتۈرە بېرىشنى ئاساسەن يولغا قويمىدۇق» دېگەن بايان، ئەسەر يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى مۆلچەردىنلا

ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى ئەمەلىيەتتە، ئىلىدا يەرلەر ئائىلىلەرگىچە چوڭ كۆتۈرە بېرىش ئەسەر ئېلان قىلىنغان ۋاقىتلاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ بولۇنغانىدى. ئەسەردە يەنە بەزى مۇھىم بولمىغان مەسىلىلەر، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ۋەقەلەر ئېھتىياتسىزلىق بىلەن بايان قىلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: ئەسەردە سۇبھىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئۈچ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا 60-يىلى يازدا تۇغۇلغان دەپ بايان قىلىنسا، كېيىنكى بىر قېتىمدا ئۇنىڭغا زىت ھالدا 60-يىلى «بىر يېشىدا تەمتەم ماڭغانىدى» دەپ بايان قىلىنىدۇ. ئۇبدان پىششىقلانمايلا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن بۇنداق تەسۋىرلەر كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك زوقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشى تەبىئىي. بۇلار يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى پىششىقلاشتا تازا ئەستايىدىل بولمىغانلىقىنى، ئېلان قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچى يەنە پېرسوناژلارنىڭ تىل جەھەتتىكى خاسلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئېستېتىك ئەھمىيىتى تۆۋەن بولغان بەزى سۆز - ئاتالغۇلارنىمۇ قوللىنىپ قويۇشتىن خالى بولالمىغان. يەنى كۆزەتچى بوۋاينىڭ تىلىدىن: «‹كۆزەتچى مەتقۇل سەپراغا تەگسۇن›، دەپ توپتوغرا مۇشۇ ماگزىنغا سالىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى بېرىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى كۆرمىگەن ئاتىسىنى قەدىرلەپ پۇل ئەۋەتىۋاتقان غىلمان ھاكىم پۇلنىڭ چېكىگە ھېچ ۋاقىتتا مۇنداق قوپال، ھاقارەت مەنىسى بار سۆزنى يازمايدۇ. «قىز سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىنىڭ چىشىغا تاش ئاتتى» دېگەنگە ئوخشاش يازغۇچىنىڭ تىلىدا بىرلىگەن بايانلارنىمۇ ئوخشاشلا ئېستېتىك مەنە خۇنۇك. بويىغا يېتىپ قالغان بىر ئېپپەتلىك قىز بالىدا ھېچقاچان مۇنداق سەتقىلىق بولمايدۇ. بۇ گەپ - سۆزلەر قەھرىمانلارنىڭ ئالىيجاناب خاراكتېرىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

ئومۇمەن «سۇبھى» پوۋېستى يوقىرىقىدەك كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان، دەۋر روھىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ياخشى ئەسەر. يازغۇچى نۆۋەتتىكى تۇرمۇش شارائىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئىجادىي پىكىر قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى يېڭى زىددىيەت، يېڭى كىشىلەر، يېڭى كۆرەش سەھىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي چىنلىق يارىتىپ، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان شانلىق ۋەزىپىلەرنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ ھېكايىچىلىقىنىڭ سىناقلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن يىرىك ژانىرلارغا قەدەم قويىغانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ قەدەمنىڭ ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش يولىدا يېڭىچە روھ بىلەن پۇختا تاشلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەن يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ ياخشى يىرىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز كۈچ قوشۇشىنى، شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلارنىڭ « سۇبھى » پوۋېستى ھەققىدىكى بۇ يۈزەكى مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىگە تەنقىدى مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1983- يىل 9- ئاي. غۇلجا.

ئۇ نادىلىم ١٩٨٤ سىل ١٠ ئىسان

# تۇرمۇش ۋە ئىلهام

تالانتلىق شائىر مەھەممەتجان سادىق بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىن باشلانغان بولۇپ، تۇنجى شېئىرى 1952 - يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شائىر مەھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا 500 دىن ئارتۇق شېئىر، ئوندىن ئارتۇق داستان، باللادا يېزىپ ئېلان قىلدى. 1977 - يىلى « قېلىن قاردىكى ناخشا » داستانى، 1979 - يىلى « تىيانشان ناخشىسى » ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1984 - يىلى « ئىلى پەرزەنتلىرى » رومانىنىڭ بىرىنچى كىتابى نەشردىن چىقىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ « سالام تارىمدىن »، « يېزا يولىدا »، «نان» ناملىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە « چىن مۇھەببەت » داستانى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىدا باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

شائىر مەھەممەتجان سادىق ئىجادىي پائالىيەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يول بىلەن مېڭىپ، پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئەركىن ئىپادىلەيدىغان شەكىل (چاچما شېئىر) ئارقىلىق ئۆزىگە خاس تۇراق، قاپىيە، ئىنتوناتسىيە، تىل ۋە ئالاھىدە جۈملە قۇرۇلمىلىرىغا ئىگە ئۇسلۇب ياراتقان تالانتلىق شائىر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاددى ماقالىمىزدە ئۇنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىجادىي پائالىيىتىگە ئىدىيۋى

مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن تەپسىلى توختىلىپ، تەلتۆكۈس باھا بېرىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇ ماقالىمىزدە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايرىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىن قارىغاندا يېڭى ھاياتنى تەسۋىرلەش سالماق ئورۇننى تۇتىدۇ. شائىر «ئېتىز چولپانلىرى»، «يېڭى يولىدا»، «نان»، «ئۇنتۇلماس ئايدىڭ»، «يېڭى تەسىراتلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى؛ «پەرھات»، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «ئىلى پەرزەنتلىرى» قاتارلىق داستان، باللادا ۋە رومانلىرىنى مۇشۇ تېمىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلىدى. ئۇلاردا شائىر ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەمگەكچى دېھقانلىرىنىڭ مېھنەت بىلەن ياراتقان بەختىيار تۇرمۇشىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى تولۇپ تاشقان جۇشقۇنلۇق ھېسسىياتى بىلەن يورۇتۇپ بەردى. ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان «نان» ناملىق شېئىرى يېڭى ھاياتنى تەسۋىرلەشتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرلارنىڭ بىرى.

تالڭ شەپىقىدەك توقاچنىڭ،
چىشلەپ يېدىم چېتىدىن.
ئاھ!
سەزگۈلەر ئويغاندى لەززىتىن تېتىپ،
يالقۇن ئۆرلىدى يۈرەك قېتىدىن.

چىشلەپ يېگىنىمدە ئاق ناندىن،
قەلبىمدە سۆيگۈدىن سېزىلدى بىر ئىز.
تەشەككۈر كۆزىدە تىكىلدىم دېھقانغا،
گۈلشەندەك كۆرۈندى ماڭا ئېتىز.

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئوي - پىكرى، تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، شائىر ئۇنى ئېزىپ، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي، كىتابخاننىڭ مۇلاھىزە قىلىپ يېشىۋېلىشىغا قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن لەززەت ئالماقچى بولغان كىتابخان شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئورتاقلىشىش جەريانىدىلا شائىر دېمەكچى بولغان ( يوشۇرۇنغان ) خاھىشقا ئېرىشەلەيدۇ. «دېھقانغا تەشەككۈر كۆزى بىلەن باققۇزىدىغان»، «ئېتىزنى گۈلشەن كۆرسىتىۋاتقان» ئاشۇ سېھىرلىك كۈچ نەدىن كەلگەن؟ ئەنە شۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ تىرىكى بولغان ناندىن. ئەگەر بىز ناننىڭ ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلايدىغان بولساق، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - تەر ئاققۇزۇپ قىلغان جاپالىق ئەجرىگە بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىمىزنىڭ شۇنچە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئۇنىڭ 50 - يىللار ئىچىدە يازغان شېئىرلىرى ئارىسىدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يەنە بىر شېئىرى «سالام تارىمدىن» ناملىق شېئىرىدۇر. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆركەشلەپ تۇرغان ھېسسىيات ئىچىدە ئازادلىقتىن كېيىنكى ھاياتىمىزنىڭ پارلاق يېڭى مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىش ئارقىلىق مۇشۇنداق بەختىيار تۇرمۇش يارىتىپ

بەرگەن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ھۆرمەت بىلەن سالام يوللايدۇ. شائىرنىڭ قاناتلانغان تەسەۋۋۇرى چەكسىز شادلىق ئىچىدە ئويناقلاپ، بادام دوپپا، شەپەق رەڭلىك گىلەم، خان ئەتلەس، كىمخابلاردىن سوغا تەقدىم قىلغان تارىم بويلىرىدا، ئالتۇن ساپتاياقتا قىمىز، سارىماي ھەدىيە قىلغان ئىلى دەريا بويلىرىدىكى پايانسىز يايلاقلاردا، تاتلىقلىقى تىلنى يارىدىغان ئۈزۈم ۋە قوغۇنلار ماكانى بولغان تۇرپان، قۇمۇل ۋادىلىرىدا پەرۋاز قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى شېئىردىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، شائىر ئۆزئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن باشلاپلا شېئىرلىرىنى بىر مۇھىم خاھىش بىلەن تويۇندۇرۇپ يېزىش يولىدا ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا بۇ خۇسۇسىيەت راۋاجلانغان ھەم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن.

شېئىرنىڭ شېئىر بولغان - بولمىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي شەرتلەر شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي تىلدىن ئىبارەتتۇر. بۇ شەرتلەر ئاللىقاچان مەھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى مىكرولىق تارازىسىغا ئايلانغان. بۇ تارازا ئۇنىڭ ھەر بىر مەھسۇلاتىنى ئۆلچەپ، سورتلاپ تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

شېئىرىي پىكىر شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولماستىن تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ، شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئىچىدە رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىقتىدارلىق گېئولوگلار تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ مەدەن كانلىرىنى ئىزدىگىنىدەك، شائىرنىڭ پايانسىز كەڭ تۇرمۇش كانلىرى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ ئىزدىنىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. دەرۋەقە، قىممەتلىك مەدەنلەر تاغدەك دۆۋىلەنگەن رودىغا سىلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك بولغانلىقىغا

قارىماستىن گېئولوگ ئۈچۈن قانچە ئەھمىيەتلىك بولسا، پايانسىز تۈرمۈش دېڭىزىدىن سىقىپ چىقىرىۋېلىنغان تامچە - تامچە پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىرلەرمۇ شائىر ئۈچۈن شۇنچە ئەھمىيەتلىك. مانا شۇنداق جاپالىق ئەمگەكنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغان شائىرلارلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.

شائىر مەھەممەتجان سادىق ھەر بىر شېئىرنى كىشىلەر تېخى تىلغا ئېلىپ باقمىغان يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتكە بولغان ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىسى ھەققىدە توختالغىنىدا مۇنداق تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى چاچىدۇ.

ئويلايمەن شائىرنىڭ ھېكمىتى نىمە؟
گۈلچى گۈل تىزغاندەك،
تىزماقلىقمۇ سۆز؟
شۇ خىيال سۇيىدە ئەقلىم بىر كېمە،
چىرايلىق ئالدىمدا تۇرغان دالا - تۈز.

... ... ... ...

شائىر گۈل بولسىمۇ بىراق تۇپراقتىن،
ئايرىلسا كىيىدۇ بەرگى غازاڭ تون....
بال يىغسا گىلەمدەك رەڭدار ئوتلاقتىن،
قىلىدۇ قەلىمى دائىم توي - تۆكۈن.

ئەل بىلەن قەلبداش بولسا نەزمىسى،
ئېلىگە ھەسەلدەك تېتىيدۇ ھەردەم.
بولمايدۇ شائىرنىڭ ھۆرمەت بەزمىسى،
شېئىرىغا ئاھ، ئۆزى بولمىسا ھەمدەم.

بارماقلىرىڭنى.
يوقىتار قارا، قانچىلىك
ئاشۇ مۇشتۇم ئۆز كۈچىنى.
چىمەلتەك كىچىكلىك قىلماس قىلچىلىك
مۇشتۇمنىڭ تۈگۈلىشىدە،
ھەربىر بارماق خىزمىتى
قۇياشتەك پارلاق.
تۈگۈلسە ھەربارماق
ھىمزىر ھىم بولۇپ،
بۇ پولات بولقىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن
چويۇنمۇ خىمىرغا ئايلىنار شۇنداق.

بۇ يەردە شائىر مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى ئۇستىدە قۇرۇق ۋەز - نەسىھەت، ئالاھىدە مەدھىيىلەر ياغدۇرۇپ ئولتۇرماستىن، كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان قولنىڭ خىزمىتىنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، كۈچلۈك تەسەۋۋۇر بىلەن يورۇتۇپ، يېڭى بىرشېئىرىي پىكرنى ئېچىپ بەرگەن.

تۇرمۇش ئۆزقانۇنىيىتى جەھەتتىن كىشىگە ئۇزلۇكسىز تەسىر قىلىپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. لېكىن ئۇ شائىرغا ئۇزلۇكسىز شېئىرىي پىكىر تەقدىم قىلىشۇەرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك تەرەپلىرىلا شائىردا پىكىر ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. شائىر ئەنە شۇ ماھىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان شېئىرىي پىكىر ۋە گۈزەللىكنى دەل ۋە توغرا سېزىپ ئاللىشى بىلەن تالانتلىقتۇر. ھەقىقىي كۈچلۈك قايىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە شېئىرلار قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قوزغالغان روھى تەۋرىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ خىل روھى ھادىسە پسىخولوگىيە ئىلمىدا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بىرى تەتقىق قىلىنىپ

كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ دىققەت-ئېتىبارى، زېھنى كۈچى، بىلىم - قابىلىيىتى ۋە ماھارىتى مەلۇم بىر ئوبيېكت ئۈستىگە توپلانغان ۋاقىتتىكى روھى ھادىسە - ئىلھامدىن ئىبارەتتۇر. شائىر مەھەممەتجان سادىقنىڭ يېڭى ئىجادىي پىكىرلەر بىلەن چاقناپ تۇرغان شېئىرلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق كۈچلۈك ئىلھاملىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز؛ ئۇنىڭ شېئىر يازغاندا سۆز تاپالماي قىينالغانلىقىنى، ھېسسىياتىنى ئورۇنسىز چېچىۋەتكەنلىكىنى، پىكىرنى ئىپادە قىلالماي ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇھاكىمە، ئىزاھلاش ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرمەيمىز. بەلكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئاققان ھېسسىيات سەللىرى ئىچىدە بەھوزۇر غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ، تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن قاناتلانغان شېئىرىي ئوبرازغا مەپتۇن بولۇپ، شائىرنىڭ يالقۇنلۇق تۇيغۇسىنىڭ كۆڭلىمىزگە كۆچۈپ كىرىپ، بىزنى ئېستېتىك لەززەت ئىچىدە مەست قىلىۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىمىز. ئىلھامسىز، قۇرۇقتىن - قۇرۇق زورۇقۇپ يېزىلغان شېئىرلار كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇ، دادىل تەسەۋۋۇر بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كىتابخاننىڭ قەلبىدە روھى زىلزىلە پەيدا قىلالمايدۇ. بىر ئوقۇغاندىلا ئوقۇغۇچىنى مەپتۇن قىلىپ ئۇنىڭ تەپەككۇرىغا مىسرا كوبلېتلىرى شىرنىدەك يېپىشىپ قالىدىغان شېئىرلار شائىرنىڭ قايناق ئىلھامىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شائىر بۇ مېۋىنى يېتىلدۈرۈشتە ئۇزاق مەزگىل داۋامىدا تۇرمۇشنى كۆزەتكەن، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز بېشىدىن تەكرار ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنىڭ چىن ياكى ساختىلىقىنى تۇرمۇشقا قايتا - قايتا تەتبىقلىغان، شۇ جەرياندا شائىرنىڭ ئوقچۇپ تۇرغان يۈرەك قېنى ئۇنىڭغا سىڭىپ پەيدىنپەي ئۆسۈپ ئۇلغىيىپ ئىلھام فونتانى بولۇپ ئېتىلىپ چىققان بولىدۇ. شائىر مەھەممەتجان سادىق

دىمەك، شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئۆزىگە قويىدىغان تەلىپى ئەنە شۇنداق ئېغىر ۋە يۇقىرى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا چۆكۈشكە، خەلقنىڭ تەلەپ ئارزۇسىنى، قىيىنچىلىق ۋە ئېھتىياجىنى چۈشىنىشكە كۆڭۈل بۆلگەن. شائىرنىڭ ئىجادىيەت گۈلىنى خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت بولغان مۇنبەت تۇپراق ئىچىدە يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ھەسەل ھەرىلىرىدەك شىرنە يىغىشى ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىغا يۇكسەك ئىدىيىۋى مەزمۇن، يېڭى ئىجادىي پىكىر ۋە يالقۇنلۇق شېئىرىي ھېسسىيات بەخش ئەتكەن. قىزىل گۈل ھەققىدە شېئىر يازمىغان شائىرلار ناھايىتى ئاز بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئىنسان ھاياتىغا گۈزەللىك ۋە زوق بېغىشلاپ تۇرغان بۇ شەيئىي ئارقىلىق تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتىنى، ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى. بىراق، شائىر مەھەممەتجان سادىق بۇ تېمىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۆزىگە خاس مۇستەقىل نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن تۇرمۇشقا بولغان ئالاھىدە چۈشەنچىسى ھەم قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ «گۈل تەسۋىرى» ناملىق شېئىرى مانا شۇنداق ئىزدىنىش ئاساسىدا يېزىلغان. شائىر گۈلنى گۈزەللىك ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭغا يالقۇنلۇق سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتنى سىڭدۈرىدۇ.

گۈل گويا ئۇ مېنىڭ يۈرىكىم،
ئانا يۇرت ئىشقىدا كۆيگەن.
يالقۇنلۇق مۇھەببىتىم،
ئاپتاپلىق باغرىڭدا كۈلگەن.

شائىرنىڭ تەسۋىرىدىكى گۈل تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەنلا

ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا شائىر يېڭىچە كۆزقاراش بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار، تېخىمۇ پاك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. گۈلگە سىڭدۈرۈلگەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر، ئاپتورنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتى بىلەن دادىل تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق يورۇتۇلغان شېئىرىي ئوبراز كىتابخاننى شېئىرنىڭ مىسرا، كوبلېتلىرىغا كۆمۈلگەن چوڭقۇر خاھىشنى ئىزدەش ۋە چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ. شېئىرنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ماھىيىتى ئۇنىڭ «تىكەن» ۋە «شەبنەم» قىسىملىرىدا ئايان بولىدۇ. گۈل ھەققىدە يازغان شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۆز كىتابخانلىرىنى گۈلدەك گۈزەل ۋە يېقىملىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بىراق شائىر مەھەممەتجان سادىق «گۈلدەك سۆيۈملۈك بولىمەن دېسەڭ، تىكەندەك قەھرىلىك بول» دېگەن ئالاھىدە قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دەرۋەقە گۈزەللىككە بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭغا تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىشتىلا ئايان بولۇپ قالماستىن، گۈزەللىك دۈشمەنلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرەتتىمۇ ئايان بولىدۇ. شۇڭا روشەن مۇھەببەت ۋە نەپرەت سېزىمىغا ئىگە بولمىغان كىشىلەر گۈزەللىكنى ھەقىقىي سۆيگۈچىلەر ئەمەس.

شائىرنىڭ «مۇشتۇم ۋە بارماقلار» ناملىق شېئىرىمۇ مۇشۇنداق يېڭى پىكىرلەر ئاساسىدا يېزىلغان. «ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر» دېگەن بۇ پەلسەپىۋى پىكىرنى « مۇشتۇم ۋە بارماقلار » دىكىدەك يۇكسەك ئىپادىلەپ بېرەلىگەن ئىككىنچى بىر شېئىرنى تېپىش قىيىن.

يۇمۇلسا پەقەت بىر بارماق،
كىم ئېيتار، ئېيتقىنا
مۇشتۇم دەپ ئۇنى.
مەيلى يۇم خالىغان
ئىككى ياكى تۆت

ئۆز ئىجادىيىتىنى ئىزچىل هالدا مۇشۇنداق روهى تەۋرىنىش ئىچىدە يېزىپ چىقىدۇ.

هەر قانداق شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەسىرىنىڭ غايىۋى مەزمۇنى هەققىدە قۇرۇقتىن - قۇرۇق خىيال سۇرمەي، ئەڭ ئاۋۋال تۇرمۇشنى ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىشى، كىتابخانلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، تەلەپ - ئېهتىياجىنى چوڭقۇر كۆزىتىشى ۋە ئۇنى يۇكسەك ماهارەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش يولىدا ئىزدىنىشى لازىم. شۇنىڭ ئۇچۇن بېلىنىسكى شائىرنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باها بەرگەندە: «هەرقانداق ئۇلۇغ شائىر شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلۇغكى، ئۇنىڭ قايغۇ ياكى شادلىقى جەمئىيەت بىلەن تارىخنىڭ تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان، شۇ سەۋەبلىك ئۇ جەمئىيەت، دەۋر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تۇيغۇ ئەزاسى هەم ۋەكىلىگە ئايلانغان» دەپ [1] كۆرسەتكەنىدى. شائىر مەهەممەتجان سادىق ئۆز ئىجادىيىتىدە مانا مۇشۇنداق يۇقىرى ئۆلچەمگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، ئاشۇ يۇكسەك پەللىگە جۇرئەت قامچىسى بىلەن ئات سېلىپ كەلدى. ئۇ چاچما شەكىل بىلەن يازغان شېئىرلىرىنىلا ئەمەس، بارماق ۋەزىن شەكلىدە يازغان باللادا، داستان، رومانلىرىنىمۇ مۇشۇنداق كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاستىدا ئەجرى قىلىپ يېزىپ چىققان.

شائىرنىڭ داستانلىرى ئىچىدە «قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل» بىلەن «ۋاپا ۋە مەردلىك» ئالاهىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەرلەردۇر.

«قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن جەهەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، يۇكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي قۇۋۋىتى كىتابخانىنى چوڭقۇر تەربىيە ۋە تەسىرگە ئىگە قىلىپ، ئۇنى خوشاللىق

---

[1] بېلىنىسكى: «ماقالىلەر» 1951 - يىل ئۇيغۇرچە، تاشكەنت «شەرق هەقىقىتى» نەشرىياتى. 26- بەت.

ئىچىدە سۆيۈندۈرۈپ، ئازابلار دېڭىزىغا غەرق قىلىدۇ.

داستاندا چوغلۇق بىلەن تۇغلۇقتىن ئىبارەت قىز - يىگىتنىڭ ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرغۇدەك دەرىجىدە بىر - بىرىگە باغلانغان پاك مۇھەببىتى كۆندەشلىك بالاسىغا يولۇقۇپ، تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن. داستان مۇنداق لىرىك ھېسسىياتلارنى بايان قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ.

مۇشۇ بىر ماۋزۇدا كىملەر يازمىغان،
ناۋايى، زەلىلى . . . زادى قايسىسى؟
ياراتتى تىيانشان گۈلىدەك گۈزەل،
بىر داستان قەشقەرلىك سۆيگۈ جارچىسى!
بۈگۈن شۇ ئۇلۇغلار ماڭغان يوللارغا
ئېتىمنى چاپتۇردى جۈرئەت قامچىسى.
سۆيگۈ توگاسىدىن كېسەلەمدۇ گۈل،
يېڭى بىر گۈلچېچەك قەلبىم قايچىسى.
بىر شائىر دەپتىكەن كونا بىر نەرسە
مۇھەببەت،
يېڭىلىنار بىراق ھەر يۈرەك.
قەدىمى شۇ باغدىن ئۈزەلەمدىمەن
ھېچكىممۇ ئۈزمىگەن خۇشبۇي گۈل پورەك؟
قارغۇجا سايرايدۇ، لېكىن نېمىشقا
ئىسمى يوق يېنىدا بۇلبۇل ئىسمىنىڭ؟
يېڭىلىق بولمىسا نە كارامىتى
سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شېئىر جىسمىنىڭ.
سۈرمەكلىك ئېيتقىنا يېڭىلىقمىدۇ
ئەرەپ ۋە پارس ئەڭلىكلىرىدىن،
بولارمۇ ياققىلى ئۇيغۇر نېنىنى،
ۋاز كېچىپ ئۇيغۇرنىڭ يەڭلىكلىرىدىن؟

دېمەك، شائىر داستاننىڭ مۇقەددىمىسىدىلا مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ قەدىمى تېمىنى يورۇتۇشقا بولغان تۈپ پوزىتسىيىسىنى چوڭقۇر لىرىك تۇيغۇلىرى بىلەن بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇلۇغ ئۇستازلار ئات سېلىپ ئۆتكەن مۇھەببەت ۋادىلىرىدا پەرۋاز قىلىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ باقماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا تەقلىدى يول بىلەن ئەگىشىپ «ئۆزگىلەر سىزغان سۈرەتنىڭ قاش-كىرپىكىنى تۈزەپلا» نام قازىنىشقائۇرۇنماي، ئۆزىگە خاس يېڭى يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ تۈپ پوزىتسىيە داستانغا يېڭىچە ھاياتى كۈچ ۋە يۇقىرى قەدىر - قىممەت بېغىشلىغان.

داستاننىڭ كېيىنكى قىسىملىرى چوغلۇق بىلەن تۇغلۇقتىن ئىبارەت مۇھەببەت چولپانلىرىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بېغىشلانغان. ئاپتور ھېسسىيات ئۇنچىلىرى بىلەن بېزەلگەن گۈزەل تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەشنالىقىنى قويۇق ئورمانلار، ئۆركەشلىك دەريالار، يېشىل چىمەنزارلىقلار، ھەتتا ھەربىر تال يوپۇرماق، ھەربىر تامچە شەبنەملەرگىچە سىڭدۈرۈپ، كىشىنى ئىشقى تەشنالىقنىڭ يۈكسەك مەنزىرىسى ئىچىگە غەرق قىلىپ تاشلايدۇ. داستاندىن ئورۇن ئالغان بۇ يېتىلگەن مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرگەن شېئىرىي مىسرالارنى ئادەتتىكى تىل بىلەن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىش بىلەن باراۋەردۇر. شۇڭا، بۇ شېئىرىي ھېس - تۇيغۇلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىدىيىلەرنىڭ يالقۇنلۇق سېھرىي كۈچىنى ئاپتورنىڭ شېئىرىي ئوبرازى ۋە شېئىرىي تەسەۋۋۇرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ئارقىلىقلا تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. داستاننىڭ قەدىر - قىممىتىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن بۇنداق يۇقىرى بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ كلاسسىك ئۇستازلارنىڭ

شاھانە داستانلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. لېكىن، شائىر يارىتقان پاك مۇھەببەت ئىگىلىرى ئەجدادلار ئۆز ئىجادىي چىمەنزارلىقلىرىدا يولۇقتۇرۇپ باقمىغان خۇشبۇي گۈل - پورەكلەر بولۇپ، كلاسسىكلار يارىتقان ئوبرازلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ، شائىر مەھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى بولغان يېڭى پىكىر كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى ئىزدىنىشىنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەردىكى يارقىن مىسالىدۇر. دېمەك ئۇ كلاسسىكلارغا چوقۇنۇش ھېسسىياتىغا مەھكۇم بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قارىغۇلارچە ئەگەشمەي، پايانسىز سۆيگۈ ئالىمىدىن ئۆزىگە خاس مۇستەقىل يول ئاچقان.

شائىر داستانىنىڭ بەشىنچى قىسمىنى مۇنداق يېڭى ئىجتىمائىي توقۇنۇش ئىچىدە ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، مۇھەببەت ۋە ساداقەتلىكتىن نەپەس ئالغان گۈزەل ھاياتقا رەشىك-كۈندەشلىك بالاسىنىڭ زەھەر بولۇپ تەسىر قىلغانلىقىدۇر.

ۋە لېكىن بىلەمسەن دىل ئازابىنىڭ
ئىچىدە ئېغىرى رەشىك بالاسى.
ئېيتقىنا تۇغلۇقنى يېڭەلىگەنمۇ
تاغلارنىڭ يولۋاس، شىر، يا ئەجدىھاسى.
مەيلى شاھ، مەيلى بەگ، كىمكى بولمىسۇن
كۈندەشلىك ئالدىدا كىسەلچان بىر قۇل!
دەردىگە ھېچنەمە بولالماس شىپا،
قۇرۇيدۇ ھەرقانداق لاتاپەتلىك گۈل!

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۈندەشلىكنىڭ ئوتتىللۇچە يېڭى بىر تىپى مەيدانغا كېلىدۇ... بىر - بىرىگە ئىنتايىن قاتتىق بېرىلگەن ئىككى كىشىنىڭ مەسۇم مۇھەببىتى

ئۇلارنى يا ھەمىشە توغرا يولغا باشلاپ چىقىپ بەختلىك قىلىشۋەرمەيدۇ، يا ھەمىشە ۋىسالغا يېتىش يولىدا ئۇرتاق كۇرەش مەيدانىغا باشلاپ كىرىشۋەرمەيدۇ. ئەكسىچە كۇندەشلىكنىڭ رەزىل بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ، پەۋقۇلئاددە زور ئىشتىياق بىلەن يېتىلگەن ساپ ئەقىدىلىرى، ئانچىكى بىر خاتا ئۇقۇم ئالدىدا نابۇت بولۇپ، ئاقىۋەت ئۆزلىرىنىمۇ مۇھەببەت پاجىئەلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ... ھەددىدىن تاشقىرى ئاينىغان بولۇق مېۋە ئۆز سالمىقىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۆز شاخلىرىنى يېرىپ تاشلاپ ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ. پەۋقۇلئاددە قىزغىنلىق زېمىنىدە ئۈسۈپ يېتىلگەن مۇھەببەت تەشنالىقىمۇ كۇندەشلىك ۋە رەشك بالاسى تۇپەيلى ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىدىغان ئىشلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. تۇغلۇقنىڭ چوغلۇققا بولغان ئەنە شۇنداق تەشنالىقى بىر دەملىك ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولغان خاتا ئۇقۇم تۇپەيلىدىن ئۆز جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان مەشۇقىغا قول سېلىشقا ئېلىپ كېلىدۇ. داستاننىڭ كولمىناتسىيىسى كىتابخاننى چىداپ تۇرغۇسىز ئازاب دېڭىزىدا تۇنجۇقتۇرۇپ، كۇندەشلىك بالاسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىگە قارىتا چەكسىز غەزەپ - نەپرەت تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

سادىقلىق يۇلتۇزى كۆچتى ئاشۇنداق،
ۋاپانىڭ مەشئىلى ئۆچتى ئاشۇنداق!
تاغ - دالا، گۇل - گىياھ - ئانا تەبىئەت،
بۇ ئېغىر ماتەمگە چىدىسۇن قانداق؟!

تۇغلۇق دەھشەتلىك قارامىلىق بىلەن قىلغان ئىشىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقىتىدا ۋىجدان سوتىنىڭ سوراق

سەھنىسىدە ئۆزىگە ئۆزى ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شائىر كىتابخاننى ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر پاجىئە ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، كۆندەشلىك بالاسىنىڭ بىھۇدە زىيانكەشلىكىنى شۇنچە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ ئازاب ئىچىدە قان، زەرداب تۆكۈۋاتقان قەلىمى مانا شۇ ۋاقىتتا فانتازىيىلىك دۇنيا ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۆز قەھرىمانلىرى ئۈچۈن يېڭىچە يېشىم، يېڭىچە ھايات يولى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن فانتازىيىلىك يېڭى مەنزىرە ئىچىدە ساداقەت، ۋاپادارلىقنىڭ سىموۋولى بولغان قىزىل گۈل، نالە - زار كۈيچىسى بولغان بۇلبۇل پەيدا بولىدۇ.

چوغلۇقىنىڭ ئاغزىدىن تامغان قىزىل قان
ئورنىدا ئېچىلدى ئۆسۈپ بىرتال گۈل.
گۈل ئەمەس گويا ئۇ ۋاپادارلىقنى
بىلدۈرۈپ تۇرغان بىر چىرايلىق كۆڭۈل.
كۆرمەسەن ھېلىمۇ گوزەللىكىنى
يوقاتماي ئېچىلار باغدا قىزىرىپ.
سايرايدۇ ئۈستىدە بۇلبۇل كۈن ۋە تۈن،
ئېيتقۇسىز ھەسرەتتە باغرى ئېزىلىپ.

داستاندا قوللىنىلغان بۇنداق فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ ئاشىق - مەشۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتكە يېڭىچە مەزمۇن بېرىپ، تۇرمۇشتىكى ئاشۇ ھادىسىلەرنىڭ نامۇۋاپىقلىقىنى ئۇتتۇقلۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە ئالاھىدە زېمىن ھازىرلىغان. ھەم داستانغا باللادىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت بېرىپ « سۆيگۈ توگاسىدىن يېڭى گۈل » ئويۇشقا ئىمكانىيەت ياراتقان.

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى يېڭى سەۋىيىسى بىلەن. چاقناپ تۇرغان يەنە بىر ئەسىرى

«ۋاپا ۋە مەردلىك» داستانىدۇر. شائىر بۇ داستانىدا ئىلى تارىخىنىڭ يۈز نەچچە يىللىق جەريانىنى بىر بەدىئىي كارتىنا ئىچىگە يىغىنچاقلاپ، ئەركىنلىك، تەڭلىك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەشكەن باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋاپا ۋە مەردلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان پارلاق ئوبرازىنى ياراتتى.

سادىر پالۋان تېمىسى هازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز تېخى يورۇتۇپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان ئىنتايىن مۇهىم بىر تېما. بۇ هەقتە نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىز جىددى ئىزدىنىۋاتىدۇ. شائىر مەهەممەتجان سادىق بۇ داستانىنى سادىر پالۋاننىڭ باتۇرانە كۆرەش پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي ئېچىپ بېرىشكە قاراتمىغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ تارىخى رېئاللىقنى يورۇتۇپ بېرىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باستى. داستاندا مەركەزلىك هالدا تەسۋىرلەنگىنى جاسارەتلىك ئايال قەهرىمان مودەننىڭ ئوبرازى بولدى. شائىر «قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا ئۆز ئىشقى - مۇهەببىتىگە بولغان ۋاپادارلىقىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ئۈلگىسىنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ بەرگەن بولسا، بۇ داستانىدا پەقەت شەخسى ئىشقى - مۇهەببىتىگىلا سادىق بولغان ئايال قەهرىماننىڭ ئەمەس، بەلكى، ئىنقىلاب ۋە خەلق مەنپەئەتىگە ۋاپادار بولغان ئايال قەهرىماننىڭ شانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنى هايات - ماماتلىق ئېلىشىش سىناقلىرىدا تاۋلاپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن جەسۇر سەركەردە سادىر پالۋاننىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنىڭ يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مۇستەهكەم ئارقا تىرەكلىكىنى تولۇق يورۇتۇپ بەردى.

مودەنخان قۇتقۇزۇپ قالىدى پەقەت

سادىرنى،

قۇتقۇزۇپ قالدى ئەل - يۇرتنى.

قۇتقۇزۇپ قالدى ئۇ پۈتۈن ۋادىغا
قازانچى غولىدىن يېقىلار ئوتنى.

. . .  . . .  . . .  . . .  . . .

مودەننى شۇنچىلىك بۈيۈك مەردلىككە
باشلىغان كۈچ بىلسەڭ
ئوخشاش ھەمدەردلىك.
سادىرنى ئۆستۈرگەن قىساس تۇپرىقى
مودەنگە بەرگەن ھەم ۋاپا ۋە مەردلىك.

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن ۋە گۈزەل تىل سەنئىتى بىلەن بېزەلگەن بۇ داستان ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭ ھەجىملىك ترولوگىيىسى «ئىلى پەرزەنتلىرى» نىڭ بىرىنچى كىتابىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە كۈچلۈك ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە يۇقىرى بەدىئىي چېنىقىش جەريانى بولدى.

شائىر مەھەممەتجان سادىقنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى روشەن مۇستەقىللىككە ئىگە. بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئىزچىل ھالدا چاچما شېئىر شەكلى بىلەن يېزىپ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ چاچما شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن چوڭقۇر ئوي-پىكىر، يۇكسەك تەسەۋۋۇرلىرىنى ھېسسىيات كۆكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرسا، چوڭ ھەجىملىك داستان، باللادا، رومانلىرىنى بارماق ۋەزىن بىلەن يېزىپ، كىتابخانلارنىڭ راۋان ئوقۇپ تەسىرلىنىشى ئۈچۈن ئەپلىك بەدىئىي مۇھىت يارىتىپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ ئىزچىل ھالدا يېزا تۇرمۇشىنى تىما قىلىشى، ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك رومانتىزملىق كەيپىيات بىلەن جانلاندۇرۇلۇشى، تاللانغان دېتاللارنىڭ كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلىنىشى، تىل، نۇتۇق جەھەتتىن ساپ

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئىزچىل قوللىنىشى، تېما ۋە دېتاللىرىنىڭ يېڭى، پېكىرلىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئوبرازلىق بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ مەھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭمۇ ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ.

1985-يىل .

10 [illegible]

# يېڭى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

## مۇلاھىزە

بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ - ياشناش سەۋىيىسىگە باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدىكى پروزىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراش لازىملىقى دۇنيا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن مەسىلە. دەرۋەقە، پروزا تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى ئۇنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولغان رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللاردىن كېيىنكى مۇساپىسىگە نەزەر سالغاندا، ئۇنىڭدا ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاشلا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئوتتۇزىنچى يىللاردىن يەتمىشىنچى يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى يېتىشىپ چىقىپ، شېئىرىيەت، پروزا، دراماتورگىيە تۈرلىرىدە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلگىنىگە قارىماستىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۈچۈن چوڭ - چوڭ رومان تولغاقلىرى بىلەن ئازابلىنىش تېخى تەقدىرىدە پۈتۈلمىگەن ئىشتەك ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ئەدىبلىرىمىز بۇ بىر ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئۇلار پروزا ساھەسىدىكى ئىزدىنىشتە ھېكايىچىلىقىنىڭ سىناقلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭراق ژانىرلارغا قەدەم قويۇش پۇرسەتلىرى تۈرلۈك سىياسى، ئىجتىمائىي ۋە «سول» لۇشيەنىنىڭ

تۇسقۇنلۇقى تۇپەيلىدىن تارتىپ كېتىلىپ، ھامىلە ۋاقتىدىلا تۇنجۇقتۇرۇلۇپ نابۇت قىلىنىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش تارىخىي يۈسۈندا ئىككىنچى ئەۋلاد ئەدىبلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. مۇشۇ نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلغاندا قىيۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» رومانى ئۇيغۇر يېڭى زامان رومانچىلىقى ئۈچۈن يېڭى بىر باشلىما بولدى.

«كۆرەشچان يىللار» تارىخى تېمىغا بېغىشلانغان رومان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر قايسى سىنىپ، ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى، مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى كونكرېت تەسۋىرلىنىپ، ئۆزىنى ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىشىغا مەردلەرچە بېغىشلىغان ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆرەشچان ئەۋلادلار دېيىشكە ئەڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى، ئۇلار كۆرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن يىللارنىڭ كۆرەشچان يىللار بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مانا شۇنداق كۆرەشچان روھىنى تولۇپ - تاشقان مېھرى - مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەش، يېڭى ئەۋلادلارنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان كېچىپ، قۇربان بېرىشلەر نەتىجىسىدە بەرپا قىلغان يېڭى جەمئىيىتىمىزنى سۆيۈش، ئاسراش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى جاپالىق ئەمگەكلەرگە، يېڭى تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى باتۇرانە كۆرەشلەرگە جەلپ قىلىش رومانىنىڭ مەركەزلىك، غايىۋى مەزمۇنىدۇر.

رومان ۋەقەلەرنى بابلارغا بۆلۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، ھەربىر تۈگۈننى بىر قېتىم يېشىپ بېرىشتەك بەدىئىي ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئوخشىمىغان پېرسوناژلارنىڭ تىپىكلىك ئورنى ۋە كۆرەشتىكى كونكرېت رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىشى، تەشكىللىنىشى ۋە ئاخىرىدا قوراللىق كۆرەشنىڭ،

ھايات - ماماتلىق ئىلىشىش باسقۇچىغىچە تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگۈچىلىك بولغان شۇنچە مول ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش سەھىپىسىنى يورۇتۇپ، ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىتىنى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان.

بىراق بۇ رومان يېڭى يول ئاچقان چوڭ ھەجىملىك مەھسۇلات بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە بولغان تونۇشتىكى قاتمال چۈشەنچىلەرنىڭ بېسىمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئىدىيىۋى ئازادلىق تولۇق ئەمەلگەقويۇلۇپ كەتمىگەن بىر شارائىتتا يېزىلىپ چىقىلغاچقا بىرمۇنچە كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىغان. بۇ «كۆرەشچان يىللار» نىڭ يەككە ئاجىزلىقلىرى بولۇپ قالماستىن، ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئورتاق ئاجىزلىقلارنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل ئاجىزلىق ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئاپتورنىڭ ئۆز مەقسىتىدىن قارىغاندا رومان سىيۇژىتىنى كىتابخانى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇۋېتىدىغان دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن تاللىۋېلىنغان « تۆت توقۇنۇش » ( « ئىتقا تالىتىپ ئۆلتۈرۈش » ، « ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش » ، « سۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈش » ، « دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش » ) قۇرۇق نەسەۋۋۇر نەتىجىسىدە سۇنئىي بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان كىچىككىنە بىر يېزىدا ئۈچ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ قويۇلغان. نەتىجىدە بىر تەرەپتە ئوتتۇرا ئەسىر قۇللۇق جاھالىتى ئۆمۈر سۈرسە، بىر تەرەپتە ئىچكى ئۆلكىلەردىلا بولغان توخاۋ - لېشىنلارنىڭ قوغدىنىش ۋە باستۇرۇش قورallىق كۈچلىرى، قاراڭغۇ زىندان، سۇ تۈرمىلىرى قاتارلىق بىر تۈتاش جازالاش مۇئەسسەلىرىگە

ئىگە بولغان ۋەھشىيلەشكەن فېئوداللىق تۈزۈم ئاسارىتى ھۆكۈم سۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتە بولسا، سانائەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ھەرخىل گورۇھتىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەرلەردىلا بولغان ۋە بولۇشى مۇمكىن بولغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىشپىيونلۇق تورلىرىنىڭ رەزىل ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ تۈرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ھۆكۈم سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق يېزىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا بولۇپمۇ قىرىقىنچى يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر پەۋقۇلئاددە تۇرمۇش مەنزىرىسى پەيدا بولىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ چىنلىققا بولغان تۇيغۇسىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ. بۇ ھال ئاپتورنىڭ ئۆزى پىلانلىغان غايىۋى مەزمۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇرمۇش ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دېگىنىمىزدە تاللىنىدىغان تېما، ماتېرىيال، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئاللىققا سادىق بولغان ھالدا تاللىنىشى لازىملىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە بەدىئىي توقۇلما ئۇنىڭ غايىسى بويىچە بولماستىن، رېئاللىققا ئاساسلىنىشى، كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا ۋە تۇرمۇش چىنلىقىغا بولغان تونۇش ئۆلچىمىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى زۆرۈر. سوبيېكتىپ خاھىش بويىچىلا ئىشلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە بېسىمى ئاستىدا ئىشلەشكە تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى پېرسوناژلارغا قىلدۇرماسلىقىمىز لازىم. چىنلىق بەدىئىي ئەسەرنىڭ جېنى. بەدىئىي ئەسەردىكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى چىنلىققا ئىگە بولغاندىلا، كىتابخانغا شۇ دەۋردىكى رېئاللىقنى ئەينەن ھېس قىلدۇرالايدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدىكى رېئال تونۇش

ئۆلچەملىرىگە مۇۋاپىق ئىشەنچلىك تۇرمۇش دەرسلىكى بولالايدۇ.

رومانچىلىق ئىجادىيىتىگە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن كىرىپ كەلگەن زوردۇن سابىر ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ بېشىدىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، قويۇق يەرلىك پۇراقتا ئىگە «ئابرال شامالللىرى» نى يېزىپ، رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

بۇ روماننىڭ ئۇتۇقى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىنىپلا قالماستىن، مۇھىمى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ داۋاملىق ھەمراھى بولغان ئەمگەك، خىزمەت، ئىستىل، ئائىلە، مۇھەببەت، ئەخلاق قاتارلىق مەسىلىلەردىكى ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن خاتا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىلدى. روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى، ئوخشىمىغان خاراكتېرلارنىڭ توقۇنۇشلىرى جەريانىدا ئېچىپ بېرىلدى. بىراق روماندا مۇھىم پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇقۇملاشتۇرۇشقا بېرىلىپ كېتىش، بەزى پېرسوناژلارنى ياراتقاندا ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ ۋە ئۇلارنى ئەھمىيەتسىز ۋەقەلەر ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەسلىكتەك ئاجىزلىقلارمۇ ساقلىنىپ قالدى. بەزى تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىكى تەشەببۇسلارنىڭ ھاياتچانلىقى قىسقا بولدى. ئىلگىرى سۈرۈلگەن خاھىشلار كېيىنكى تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتىدىن ئايرىلىپ، شۇ چاغدىكى سىياسىي يۈزلىنىشلەرنىڭ كونترۇللۇقى ۋە چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىدى.

ئابدۇللا تالىپنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر ۋە ئىنقىلابىي جەڭچى لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى

گەۋدىلەندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «قاينام ئۆركىشى» ناملىق رومانى تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەرگە بەدىئىي ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن نەزەر تاشلىغان ئەسەر. ئاپتور بۇ روماندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاخىرقى جان تالىشىش پەيتلىرىدە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇقنى ئۆتكۈر سىنىپى، سىياسىي كۆرەشلەر زېمىنىدا تەسۋىرلەپ، شائىرنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرگە يولۇققانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئەكىس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

روماننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا تىز پۈكمەس ئىنقىلابىي جەڭچى لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەيسەر خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى رېئال سىنىپى، سىياسىي كۆرەشلەر ئارقىلىق كۆرسىتىلىپ قالماستىن، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇزاق ئىجتىمائىي، سىنىپىي، مىللىي زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنىڭ تارىخى بىلەن زىچ باغلاپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ تراگېدىيىسى بىلەن باغلىنىپ تۇرغان خەلق تراگېدىيىسىمۇ ئېچىپ بېرىلگەن. روماندا لوتپۇللا باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى نۇقتىلىق ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن. مۇنداق ئۆتكۈر ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى ئۇلارنى ھەمىشە توغرا يولغا ئېلىپ چىقىۋەرمىدى، ئۇلار خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى تەشكىللەش جەھەتتە ئاجايىپ قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاقىۋەتتە پاش بولۇپ قېلىپ، دەھشەتلىك باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. رومان گەرچە مۇشۇنداق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ لېكىن كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ھەيۋەتلىك چاقنىغان

چاقماق تۇرىدەك كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.
روماننىڭ سۇژىتى باشتىن ئاخىر لوتپۇللا ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بەزى يېتەرسىزلىك ۋە كەمتۈكلۈكلەر ساقلانغان، روماندىكى ئەڭ مۇھىم يېتەرسىزلىك لوتپۇللا ئوبرازىغا باشتىن ئاخىر قارىمۇ - قارشى ۋە سىلىشتۇرما بولىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ تراگېدىيىسىنىڭ سەۋەبكارى بولالايدىغان كۈچلۈك سەلبىي پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ يارىتىلمىغانلىقى. لوتپۇللانىڭ قارشىسىدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي كوللېكتىپىلا تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئىش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، قاپقان قۇرىدۇ. بەزىلىرى ئىشپىيونلۇق قىلىدۇ ۋە باشقىلار. ئۇلار ئومۇمىي نام بىلەن «ياناتاقۇپچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى لوتپۇللانىڭ پائالىيىتىگە ئىچكى جەھەتتىن باغلانماي سىرتقى تەسىر كۈچ تەرىقىسىدە تەسۋىرلىنىپ، سەپ بويىچە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا، خىزمىتىگە، ئىنقىلابىي ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە ئارىلىشىدىغان سورۇن، تەپسىلاتلاردا ئىچكى باغلىنىشتا بولىدىغان مۇقىم سەلبىي پېرسوناژلار يوق. بارلىق ھەرىكەت كۆپ ھاللاردا سىرتتىن كۆزىتىلىدۇ. بۇ ئەھۋال لوتپۇللا خاراكتېرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى خاسلىق بىلەن كامال تېپىشىنى زۆرۈر بولغان ئىنچىكە، يوشۇرۇن ھەم پارتلاش خاراكتېرىدىكى توقۇنۇش ئىچىدە كۆرسىتىپ بېرىشكە شەرت ھازىرلاپ بېرەلمەيدۇ.
روماندىكى يەنە بىر مۇھىم يېتەرسىزلىك شائىر لوتپۇللانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ يېتەرلىك ئېچىپ بېرىلمىگەنلىكىدۇر. بىز گەرچە رومانىدىن ئىنقىلابچى لوتپۇللانى بىر قەدەر ئېنىق كۆرەلىسەكمۇ، لېكىن شائىر لوتپۇللانى تازا روشەن كۆرەلمەيمىز.
شائىر لوتپۇللانىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن ۋە ئۇ ئەسەرلىرىدە ئېچىپ بەرگەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، كۆتۈرۈپ چىققان جەڭگىۋار

ئىدىيىلىرىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۇنى پەقەت يىگىرمە ئۈچ يىللا ياشىغان بىر ياش ئىدى؛ دەپ ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە مۇشۇنداق بىر تالانت ئىگىسى قانداق يېتىشىپ چىقتى؟ ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى خەلقىنىڭ ئەينى شارائىتتىكى ھاياتى بىلەن قانداق تەقدىرداش بولالىغان؟ ئۇيغۇر خەلقى بۇ ئوت يۈرەك شائىرى ۋە ئىنقىلابىي جەڭچىسىدىن قانداق پەخىرلىنىش لازىم؟ ئۇ قايسى ئەسەرلىرىنى قانداق تۇيغۇلارنىڭ قوزغىتىشى بىلەن يازغان، ئۇنىڭ ياش قۇرامى ۋە دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتكەن ئۆتكۈر پىكىرلىك، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە شېئىرلىرى قانداق مەيدانغا كەلگەن؟ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە، بىلىم ئىقتىدارىدا شۇنچە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى كۈچ نىمە؟! مېنىڭچە لوتپۇللا مۇتەللىپ ھاياتىغا بېغىشلانغان بىئوگراپىك رومان بۇ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق چوڭقۇر يورۇتۇپ، بۇ ئارقىلىق لوتپۇللا مۇتەللىپكە ھەقىقىي مەنىۋى مۇنار تىكلەپ بەرگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

تەشكىلاتنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلاردىكى تۇرمۇش يولى تاپالمىغان ئوسماننىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن بولىدۇ. ئىشپىيونلار مۇشۇنداق ئاسان تېپىلىدىغان يوچۇق ئارقىلىق تىزىملىكنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ. نەتىجىدە تراگېدىيىگە سەۋەبچى بولىدىغان سەلبى قەھرىماننىڭ رەزىللىكى، ھېيلىگەرلىكى، ئىككى يۈزلىمىلىكلىكى، جىنايى ئىشلارغا قابىلىقى چۈشەنچە بويىچە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. ئوسمان تەشكىلاتنى پاش قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۈرمىدە يەنە «خائىن» بولمايمەن، دەپ كەسكىن كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. تەشكىلات پاش قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىنكى بۇ جەريان شۇنچە كۆپ ۋە جىددىي تەسۋىرلەنگىنىگە

قارىماستىن كىتابخاندا ئوسمان گۇناھسىز دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلالمايدۇ. ئەگەر ئوسماننىڭ قىلمىشى بۇنداق تەسۋىرلەنمەي ئىنقىلابىي سەپ ئىچىدىكى بەزى پېرسوناژلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى چەكلىمىسى، كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدىكى ئىدىيىۋى ھەرىكەت چەكلىمىسى تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر قاتارىدا تەسۋىرلەنگەن بولسا بىر قەدەر ياخشى بولغان بولاتتى. ئاپتور تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى مۇرەككەپ ئىچكى زىددىيەتلەر نادانلىق، بىخودلۇق، تەجرىبىسىزلىك، ئەڭ مۇھىمى سىياسى جەھەتتىكى كورلۇق تۇپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان، ساقلانغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ كىتابخانلارغا تېخىمۇ ئۆتكۈر تەسىر، تەربىيە، ساۋاق بېرىدىغان قىلىپ ئىپادىلىگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

روماندا تەسۋىرلەنگەن باشقا ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ مۇستەقىل پائالىيەتلىرى ناھايىتى كەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز - خۇلقى، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى، ئەمەلىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، خاراكتىرى ئىنچىكە تەسۋىرلەنمىگەن، ئۇلار لوتپۇللانىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەممىسىلا لوتپۇللاغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامغا سادىق بولۇپ، توقۇنۇشسىز ھالدا بىرلىككە كېلىدۇ. توقۇنۇشسىز ھالدا ئىشلارغا ئورتاق ئالدىرايدۇ.

روماندا يەنە زۆرۈرىيىتى ئانچە چوڭ بولمىغان بەزى ۋەقەلەر يەنى ئاشىق قىزنىڭ گومىنداڭغا ئىشپىيون بولۇپ ئۇرۇمچىدىن ئاقسۇغا بېرىپ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى، لوتپۇللانىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلماي، ئويۇنچۇق تاپانچا ئاچىقىپ بېرىش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، كىتابلارنى ئېلىۋالىمەن دەپ قارامىلىق بىلەن قايتىپ

كېلىشى قاتارلىقلار ئەسەر سۈژىتىنىڭ راۋاجى ۋە قەھرىمانلار خاراكتېرىنىڭ كامال تېپىشىغا ئىشەنچ پەيدا قىلغۇدەك دەرىجىدە ماسلىشىپ كېتەلمىگەن. ئەسەرنىڭ تىلى جەھەتتىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇت، بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان يەرلىك پۇراقىغا ئىگە تىلى كەم. ھەممىسى دېگۇدەك ئورتاق ئەدەبى تىلدا سۆزلىشىدۇ. بەزى پېرسوناژلار ئىككى گېپىنىڭ بىرىدە خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ئىشلىتىدۇ. ھەتتا قىسقا بىر دىئالوگدىمۇ ئىككى - ئۈچ ماقال - تەمسىلنى قاتىرىسىغا تىزىپ، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پورترېت تەسۋىرىدىمۇ قىياس بويىچە ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە قالدۇرماي تەسۋىرلەيدىغان ئاددىي ئۇسۇللار قوللىنىلغان. مەسىلەن: «ئۇزىتىپ قويۇشقا چىققانلارنىڭ ئىچىدىن بېشىغا چىرايلىق ئۇنچە دوپپا، ئۇچىسىغا گۈللۈك چىت كۆڭلەك، كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كۈلرەڭ سارجا كاستۇم، پۇتىغا چىرايلىق قارا توپلەي كىيىۋالغان، ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق، مەڭزى قىپقىزىل، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئىنچىكە، ئۇزۇن قاشلىق، قارا كۆز، غۇنچە بوي بىر قىز بىر پارچە كونۋېرتنى ئاستىرتتىن ھارۋا ئۈستىدىكى سومكىغا تاشلىدى.» پېرسوناژنىڭ قىياپىتىنى ئۇنىڭ ھەرىكىتى، سۆزى، ھېس تۇيغۇسىغا بىرلەشتۇرمەستىن مۇنداق ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە تەسۋىرلەش، ئاندىن ئۇنىڭ باشقا سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئۆتۈش، بۇنىڭ بىلەن قىياپەت تەسۋىرىنى تۈگىتىپ بولدۇم، دەپ قاراپ، ئۇ ھەقتە ئىككىنچى قېتىم ئېغىز ئاچماسلىق كىتابخاندا پېرسوناژغا نىسبەتەن دېگەندەك ئېنىق تۇيغۇ ۋە تەسىرات پەيدا قىلالمايدىغان ئاددىي ئۇسۇل. لېۋ. تولستوي ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە تەسۋىرلەشنى تەنقىد قىلىپ: «تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئاساسى تەرىپىنىلا گەۋدىلەندۈرۈپ، قالغان تەرىپىنى كىتابخانلارنىڭ

خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىشىغا قالدۇرۇش كىتابخانىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەش بولىدۇ.» دېگەنىدى.

ئابدۇراخمان قاھار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ئارقىلىق بۇ ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىش جەريانىنى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قانداق قىلىپ پارتىزانلىق ھالەتتىن پەيدىنپەي زورىيىپ مۇنتىزىم قوشۇنغا ئايلانغانلىقىنى، غۇلجىنى ئازاد قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھوجۇمغا ئۆتۈشكۈچە بولغان بىر باسقۇچلۇق كۈرەش جەريانىنى تارىخىي چىنلىق بويىچە تەسۋىرلەپ، ئازادلىق - ئەركىنلىككە تەشنا ھەرمىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى بىر قەدەر تولۇق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئاپتور روماندا دېھقان، يىللىقچى، چارۋىچى، ئاددىي زىيالىيلارنىڭ كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان جاسارەتكە ئىگە ھەقىقىي ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى تارىخىي چىنلىق ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىرىشقان.

بىز «ئىلى دولقۇنلىرى» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدىمۇ توختالماي ئۆتەلمەيمىز. روماننىڭ ئاجىزلىقى ئالدى بىلەن ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىش باسقۇچىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئوبراز ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، جانلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى، ئۆتكۈر سىنىپىي، مىللىي زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر زېمىنىدە جىددىي دراماتىك توقۇنۇش، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان چىن تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلىنىپ بېرىلمىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ باش قەھرىمان نادەم ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ خاسلىق ئىچىدە ئېچىپ

بىرلىمىگەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم. ئۇ پادىچىدىن رازىۋېتچىكلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغۇچە بولغان جەريان نۇرغۇن ۋەقەلەر ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئويغاتقان ۋە ئۇنىڭدا بۇرۇلۇش ياسىغان، يۈرىكىدە كۆرەش ئوتىنى تۇتاشتۇرغان، كۆرەش جەريانىدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان مەنىۋى كۈچ كەسكىن توقۇنۇش بولۇۋاتقان تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئىچىدە ئايان بولماي، ئادەتتە كۈندە تەكرارلىنىپ تۇرۇۋاتقان سىنىپىي تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ھادىسىلىرى ۋە تۈرمىدىن يېزىلغان خەتنىڭ ھېسسى تەسىرى بىلەنلا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى، مىجەز - خۇلقى، ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلىرى جەھەتلىرىدە باشقىلارغا زادى ئوخشىمايدىغان ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلىرى، دېھقان ياشلىرىغا خاس ساددا، كەسكىن، ئېغىر - بېسىق، قەتئىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئۆزگىچىلىكلىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا تازا روشەن گەۋدىلەنمەيدۇ. بۇ ئوبرازنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلمىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى سەلبىي پېرسوناژ ۋارىسجاننىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاجىز، خىرە يارىتىلىپ قالغانلىقىدىن بولغان.

ۋارىسجان ئەختەم باينىڭ ئاغرىق چېقىپ كەتكەن ئەركە بالىسى، ئۇنىڭدا دادىسىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن گىمنازىيىدە ئوقۇپ قالغانلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق. ئۇنىڭدا قۇۋلۇق، شۇملۇق، نامەردلىك، يۈزسىزلىك قاتارلىق رەزىل ئىللەتلەر، ئۆز مەقسىتى، ئېتىقادى، غايىسى يولىدا جان تىكىپ كۆرەش قىلىدىغان كۈچلۈك قابىلىيەت يوق. ئۇنىڭ پەقەت ئاغرىق سەۋەبىدىن كاللىسى ئانچە ئىشلىمەيدۇ. مۇنداق سەلبىي قەھرىمان ئىجابىي قەھرىمانغا نىسبەتەن ھېچقانچە سېلىشتۇرۇلما رول ئوينىيالمايدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەرىكەتلىرى نادەمگە باغلانغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ،

باغلىنىش ئىچىدىكى بۇ ئىككى قەھرىماننىڭ خاراكتېر توقۇنۇشى ئىنتايىن ئاجىز بېرىلگەن. شۇڭا ئۇ كىتابخاندا سەزگۈر تۇيغۇ، كونكرېت نەپرەت، چوڭقۇر ئۆچمەنلىك پەيدا قىلالمايدۇ. ئىجابىي قەھرىمان ئەلۋەتتە، ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. بىراق ئۇ تىرىك ئادەم بولغاچقا ئۇنى ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ ھەرخىل چەكلىمىسىدىن خالى قىلىپ قويغاندا ئۇ رېئاللىق ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، چىنلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىجابىي قەھرىمان بولماستىن، ئاپتورنىڭ ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىسىدىلا كۈچلۈك بولغان ئىجابىي قەھرىمان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ۋە بەلكى ئاشۇ شارائىتتا ئەگىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان تۇرمۇش زىددىيەتلىرىدىن قاچۇرۇلغان بولۇپ قالىدۇ. سەلبىي قەھرىمان ھامان مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىجابىي قەھرىمانغا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان، ھەتتا يېڭىش قىيىن بولغان ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلالمىسا، ئىجابىي قەھرىماننى تەمتىرىتىپ قويىدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولمىسا، ئۇ، ئىجابىي قەھرىماننىڭ كىتابخان ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋارىسجاننىڭ نادەمگە بولغان قارشىلىقى رەيھاننى تالىشىشنىلا مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئىنقىلابنى ئەگرى - توقايلىققا باشلايدىغان، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىگە زىددىيەت، بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەتتا، ئۇلارنى بۆلۈپ تاشلاپ، تەمتىرىتىپ قويىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى تېخىمۇ يوق. نەتىجىدە ئىنقىلابچىلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۇلار بىلەن ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن زىچ باغلانغان كونكرېت، جانلىق ۋە كۈچلۈك سەلبىي قەھرىمان بولماستىن پۈتۈن سەپ بويىچە تىركىشىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكىرى كۈچىلا تۇرىدۇ. كەسكىن زىددىيەت، توقۇنۇشلار قورallىق ئېتىشىش جەريانىدا پۈتۈن سەپ بويىچە بولىدۇ. ئەسەر بەدىئىي تىل،

پېرسوناژ تىلى، سورۇن كۆرۈنۈش، تەپسىلاتلار تەسۋىرى جەھەتتىمۇ ئومۇمىي چۈشەنچە ئاساسىدا بېرىلگەن بولۇپ، كىتابخاننى كۈچلۈك جەلپ قىلىپ، چوڭقۇر بەدئىي زوق بېرىدىغان بەدئىي چىنلىق يارىتىش جەھەتتە تېخى قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» ناملىق رومانى مەشھۇر ئىسيانكار تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق جەريانىنى گەۋدىلەندۈرگەن. يازغۇچى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن مەنچىڭ خاندانلىقى قولچوماقلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمىنىڭ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى چىنلىق بىلەن بايان قىلغان، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ خورلۇقىنى يەتكۈچە تارتىپ، تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قانداق قوزغىلىپ چىقىپ، ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، ئۇلار ئېلىپ بارغان شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ تەرققىياتى ۋە چەكلىمىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى « ئۆچمەس ئىزلار » نىڭ تارىخىي مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگەن.

بىراق رومان ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدئىي شەكىل جەھەتتىن بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ قالغان. ۋەقەلەرنىڭ بايانى كۆپرەك تارىخىي چۈشەنچە بويىچە بولۇپ، مۇكەممەل بەدئىي ئوبراز تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن، ئىجتىمائىي، سىنىپىي، مىللىي زىددىيەتلەر چوڭقۇر ئېچىپ كۆرسىتىلمىگەن، ئەينى زاماندىكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي تۇرمۇشى، ئۆزگىچىلىكلىرى يېتەرلىك ئېچىپ بېرىلمىگەن.

يۇقىرىدىكى رومانلار ئاساسەن تارىخىي تېمىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن رومانچىلىق تەرەققىياتى يەنىلا تەييارلىق

باسقۇچىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردا بەزى جىددىي يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن رومان ئىجادىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۈستىدە يازغۇچىلىرىمىزدا تىرىشىش ۋە ئىزدىنىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەدەبىياتىمىز 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

1984 - يىل 1 - ئايدا «ئىزدىنىش» رومانى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. روماندا ئەللىكىنچى يىللارنىڭ ئاخىرىدىن ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى بىر تۈركۈم زىيالىي ياشلارنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قانداق قىلىپ مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، ۋەتەن ۋە خەلققە شان - شەرەپ يارىتىپ، خەلقنىڭ ئىلىم - پەن، مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدەنگەنلىكى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

كىتابخانلارنى ھەقىقىي قايىل قىلالىغان، تەسىرى زور بولغان ئەسەرلەر ئۆزى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان دەۋر روھىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن، ئەينى دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كەلگۈسىگە مەنسۇپ بولغان مەسىلىلەرنىمۇ تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا يورۇتۇپ، كىتابخانلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپىگە توغرا جاۋاب بەرگەن بولىدۇ. «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ زور بىر مۇۋەپپەقىيىتى دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى ھاياتنى تېما قىلغان ئەسەرلەرنى يېزىش تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشقا قارىغاندا بىر قەدەر

قىيىن ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە ۋە جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك. چۈنكى بۇنداق ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ۋە تەسۋىرلەنگەن كىشىلەر ئارىمىزدا ھايات ياشىماقتا. ئۇلار بىز يېزىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ ئىگىسى ۋە ياراتقۇچىسى، شۇڭا ئۇلارغا ئۇلار ئۆزى قۇرۇۋاتقان تۇرمۇش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش ئۇلار كۆرمىگەن، بىلمىگەن تۇرمۇش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشتىن ھامان قىيىنغا توختايدۇ. كىتابخان يازغۇچىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى قانداق تەسۋىرلەپ، دەۋر روھىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى تەلەپ - ئېھتىياجلىرىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلىپ، بىۋاسىتە سېلىشتۇرالايدۇ، ئۇلار يازغۇچى ياراتقان ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى ھەققىدە يۈزمۇيۈز باھا بېرەلەيدىغان ئادىل سوتچىلاردۇر. بۇ ئەھۋال يازغۇچىلىرىمىزدىن ناھايىتى مۇشكۇل ئىجادىي ئەمگەكنى، كەڭ ۋە ئەتراپلىق تۇرمۇش بىلىمى، ئەدەبىي ۋە پەننى بىلىمى بولۇشىنى، يۇقىرى مەسئۇلىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇلۇغ رۇس تەنقىدچىسى بېلىنىسكى ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغىنىدا «ئەدەبىيات يازغۇچىلارنىڭ قۇرۇق - قۇرۇق خىيال سۈرۈشىدىن ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. بەلكى تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن ئەركىن ئىلھام ئېلىشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ زور غەيرىتىدىن ھاسىل بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلار دەۋرنىڭ ئۆزىگە قويغان يۇقىرى تەلىپىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى توغرا چۈشىنىشى، تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى، رېئال تۇرمۇشقا ئاساسەن خاراكتېرى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تىپىك قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى، بۇ

ئارقىلىق بوگوئكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ، دەۋرىمىز كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويغان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى چۈشىنىش، ئۆزگەرتىش، راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىشى زۆرۈر.

يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدا يۇقىرىدا شەرھلەنگەن مۇھىم مەسىلىلەرنى خىلى توغرا ھەل قىلىپ، ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت ۋە ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن بىر ئەۋلاد زىيالىي ياشلارنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرلىرىنى يارىتىپ، بۈگۈنكى دەۋر ئالدىمىزغا قويغان توپ مەسىلىلەردىن بىرى بولغان ئىلىم - پەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك جاۋاب بەرگەن.

ئەسەرنى ئۇزلۇكسىز ھەرىكەتلىنىش كۈچى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئۇنىڭ سۇژىتىنىڭ ئۇزلۇكسىز داۋام قىلىدىغان زىددىيەت، توقۇنۇشلار ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىدۇر. ئەگەر كىتابخاننى ئۇزلۇكسىز يېتەكلەپ تۇرىدىغان دراماتىك توقۇنۇش بولمايدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا ئاپتور ئۆز مۇددىئاسىنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن چۈشەنچە بېرىش، خاھىشىنى بىۋاستە ئۆزى سۆزلەپ بېرىشتەك چاكىنا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، پېرسوناژلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىدە يەنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن، ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، مۇھەببەت، ئائىلە، ئىلىم - پەن ساھەسى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن خاتا، كونا بىلەن يېڭى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشلار ئىچىدە تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ روھى قىياپىتىنى ئىدىيىۋى ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىچكى پەرقلىرىغىچە كۆپ تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىش لازىم.

رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئەلانىڭ ئىلىم - پەن يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى مانا شۇنداق تىنىمسىز زىددىيەتلەر ئىچىدە ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. ئەلا دەسلەپ ھەر جەھەتتىن ئوخشۇشلۇق بولغان ئۆگىنىش شارائىتى ئىچىدە ئوتتۇرىلۇق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۆگىنىشكە بېغىشلايدۇ، ئىلىم - مەرىپەتكە ئاشنا ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا تەشنالىق بىلەن ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. بىراق تۇرمۇش مۇرەككەپ، دەۋر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئەلانىڭ بىر مەزگىل داۋام قىلغان تەكشى ھەرىكىتى ئىككى خىل زىددىيەت توقۇنۇشى تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، سىياسىي جەھەتتىكى يۈزلىنىشلەر، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنىڭ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىگە بولغان تەسىرى، يەنە بىرى، ياشلىقنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان مۇھەببەت. ئۇ ئېتىقاد قىلغان، ئۇستاز تۇتقان كىشىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئوخچى، مىللەتچى، ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىنىپ قالپاق كىيدۈرۈلۈشى، تۈرمىگە ئېلىنىشى، سۇيىقەستچى، مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرخىل زىيانكەشلىكلەرنى قىلىشى ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھىنى تەۋرىتىپ، چىگىش ئىدىيىۋى توقۇنۇشلار ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ، مۇھەببەت ئازابلىرى دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. ئەلانىڭ بېشىغا كەلگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى كۈلپەتلەر ئۇ ئېرىشكەن ئوخشۇشلۇق شارائىتنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ كۈلپەتلەرنىڭ رېئال سەۋەبكارى بولغان رەقىپ بىلەن بولغان توقۇنۇش ئۇنىڭ سىياسىي تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنى چىداپ تۇرغۇسىز غەم - غۇسسىگە گىرىپتار قىلىدۇ. دېمەك، ئاپتور ئەلانىڭ بىر تەرەپتىن دەسلەپكى

رومانتىك خىياللىرىنىڭ ئەكسىچە بولغان زىددىيەتلەر قايىنىمى ئىچىدە چېنىقىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا چارىسىز قالغان يېتىم بالىدەك، تەمتىرەپ قالغان، روھى زەربە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى چىگىش ئىختىلاپلار ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، كىشىلەر ئاسانلا سېزىۋالغىلى بولمايدىغان ئىچكى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى دراماتىك توقۇنۇشلارنىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىشى بىزنى جاراھەتلەرنىڭ ئازابى بىلەن ئازابلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئەسەرنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە، مۇرەككەپ ۋەقەلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىدىيىۋى خاھىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا ۋە ئۇنى يېتەرلىك چۈشىنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتور ئىجابىي قەھرىمانغا بولغان ھېسداشلىق تۇپەيلىدىن ئاسانلا پەيدا بولىدىغان قەھرىماننى زىددىيەتلەردىن قاچۇرىدىغان ئاددىي ئۇسۇلدىن ئاڭلىق ھالدائۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنى شۇ دەۋردە ساقلانغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر قايىنىمى ئىچىدە يېتەرلىك ئازابلىغان. ئاپتور ئەلا ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنى مەۋھۇم بىر ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىنىڭ قېتىپ قالغان فىگۇرىسىغا ئايلاندۇرۇپ، كەم - كۈتىسىز، مۇكەممەل ئادەم قىلىشقا ئۇرۇنماي، تىنىمسىز زىددىيەتلەر ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر تىرىك شەخس سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. لېكىن ئاپتور شۇنى ئۇنتۇمايدۇكى، ئەلانىڭ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار بىلەن تولغان تۇرمۇشىدا بىر شانلىق نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلىقى ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس غەيرەت ئىرادىسى بىلەن ھەققانىيەت يولىدىكى كۈرەشلىرىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ رايى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك

قىلىدىغانلىقى . . . . دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شۇ يىللاردىكى زىيالىي ياشلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى ياشلىرىمىزنىڭمۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، توغرا دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆگىنىش، خىزمەت، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئەخلاق جەھەتتىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىمۇ مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

روماندا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر تېخى يېقىندىلا بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن، پېرسوناژلارمۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھايات كەچۈرگەن ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش، غايە ۋە تەقدىرگە ئىگە كىشىلەر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىدىن، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرىدىن، خوشاللىق ۋە قايغۇلىرىدىن جەمئىيىتىمىزدە يېقىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن ئەگرى-توقايلىقلارنىڭ ئىزى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. روماننىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنىۋى كۈچى كىشىلەرگە تەربىيىۋى تەسىرى ئۆتكۈر بولغان ئەنە شۇنداق نۇرغۇن پېرسوناژلارنى ئۆزىگە خاس خاراكتېرلىرى بىلەن ئۇتۇقلۇق يارىتىپ چىققانلىقىدۇر. لەنجۇ ۋە مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ئالىم، پروفېسسورلاردىن تارتىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ باغرىدا «كەتمەننىڭ دەردىنى قول، لەززىتىنى تىل بىلۇر» دەيدىغان ئەقىدە بىلەن يېشىل بەلباغ پەيدا قىلىپ، مول مەدەنىي - مىراسلارنى ساقلاپ قالغان تىرىك قامۇس سەيدۇللام مەخسۇمغىچە بولغان پېرسوناژلارنىڭ جانلىق خاراكتېرلىرى، باي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە تۇرلەندۇرۇلۇپ، پەرقلەندۇرۇلۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ چىقىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھاشىر ئوبرازى ئىنتايىن جانلىق

ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. ھاشىرنىڭ مۇستەقىل قارىشى ، ئىدىيىۋى خاراكتېرى باشتىن- ئاياغ ئەلاغا سېلىشتۇرۇلۇپ، ئەلانىڭ خاراكتېرىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىشكە ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان.

جەمئىيەت ئۈچۈن ئەلادەك يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلىم - پەن خادىملىرى ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، ھاشىردەك ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلام ئىلىم - پەن خادىملىرىمۇ ئېھتىياجلىق. ھاشىر جەمىيەتتە ئەلانىڭ ئورنىنى باسالمىغىنىدەك، ئەلامۇ ھاشىرنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئوخشاشلا قىممەتلىك، كەم بولسا بولمايدىغان ۋىنتا. ھاشىرنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئەقىدىسى، تۇرمۇش، مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرى، مىجەزىدىكى قوپاللىق ۋە قوپاللىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئاق كۆڭۈللۈكى، مېھرىبانلىقى قاتارلىقلار ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلىنىپ، شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرگەن ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتلىرى كۈچلۈك دەرىجىدە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

سەلبىي ئوبراز رەقىپنىڭ ياخشى يارىتىلغانلىقى رومانىنىڭ يەنە بىر ئۇتۇقى. رەقىپ ئوبرازى مۇشۇنداق ھەرىكەتچان، جانلىق، ئىقتىدارلىق، كۈچلۈك رىقابەتچى تەرىقىسىدە تەسۋىرلەنمىگىنىدە، ئەلا ئوبرازىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كىتابخانلارغا كونكرېت ھېس قىلدۇرۇش قىيىن بولاتتى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەنىۋى پەزىلىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى، مەھكۇم بولغان تراگېدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تولۇق ئاچقىلى بولمايتتى. ئىككى بوكسچىنىڭ، ئىككى چېلىشچىنىڭ ياكى ئىككى كوماندىنىڭ ئېلىشىشى يۇكسەك دەرىجىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى شارائىتىدىلا تاماشىبىنلارنى شۇنچە جەلپ قىلىپ زىلزىلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ ئىككىنچى بىر تەرەپنى

كۆچ سەرپ قىلمايلا يېڭىۋالسا ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىمۇ تولۇق كۆرسىتەلمەيدۇ. سەلبىي قەھرىمانىنى ئاجىز، ئىقتىدارسىز، تەلۋە، نادان قىلىپ تەسۋىرلەش، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا يەكمۇ-يەك قارشى كۆرەش قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئاخىر بېسىپ چۈشىدىغان ئىجابىي قەھرىمانىنىڭ كۈچىنى ئاڭسىز ھالدا ئاجىزلىتىپ قويغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

ئەلا ئوبرازنىڭ مىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىدەك تەقدىرگە مەھكۇم بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ رەقىپكە ئوخشاش ئىجتىمائىي كۈچنىڭ جەمئىيەتتە تېخى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەش ئالدىدا، يېڭىنى يارىتىشتەك مۇشكۇل ۋەزىپىلەر ئالدىدا ھەرگىزمۇ ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئوپتىمىزمغا بېرىلمەسلىكى لازىم. يازغۇچىنىڭ مەقسىتى يالغۇز گۈزەللىكنى ئاسراش، كۆرسىتىش ۋە مەدھىيىلەشلا ئەمەس، بەلكى، ئىجتىمائىي مەرەزلەرنى چوڭقۇر قېزىپ، يېتەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلاپ، كىتابخاندا ئۇنىڭغا نىسبەتەن سەزگۈر تۇيغۇ، ھوشيار سىياسىي ئاڭ ئويغىتىشتىن ئىبارەت.

پروزىمىزدا مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك رومانلارنىڭ مەيدانغا چىقالمايۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ، ئىنچىكە بولغان سىياسەت، قانۇن، تارىخ، ئەخلاق، مىللى ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان زىددىيەتلەرنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق روھ بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇر قېزىشقا جۈرئەت قىلالماي، زىددىيەت-توقۇنۇشلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ياكى ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇپ، تىپىك پېرسوناژلارنىڭ شۇ زىددىيەتلەردىن پەيدا بولغان مۇرەككەپ خاراكتېرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ

بىرەلمىگەنلىكىمىزدە دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى زۇردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدا ئۆزىنى زىددىيەتلەردىن قاچۇرماي، تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇرەككەپ، چىگىش ۋە زىل مەسىلىلەرنى، «سول» چىل ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ پارتىيىمىزنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيە، خىزمەت، ئىستىلىدا ساقلانغان ئېغىر ھالدىكى تۈرىچىلىك دوگماتىزملىق ۋە باشقا خىل - خىل يېتەرسىزلىك - خاتالىقلارنى، تۇرمۇشىمىزدىكى كاپىتالىزمنىڭ چىرىتىشى ۋە فېئودالىلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ چوڭقۇر يوشۇرۇنغان زەھەرلىرىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلغان ھەم ئۇنى توغرا نۇقتىئىنەزەردە چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىپ بېرەلىگەن.

روماننىڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، روماننىڭ پۈتۈن سوژىت تەرەققىياتى، سورۇن، كۆرۈنۈش تەپسىلاتلىرىغا قويۇق مىللىي روھ تولۇق سىڭدۇرۇلگەن. شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈر يەرلىك پۇراققا ئىگە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، توي - تۆكۈن، مېھماندوستلۇق، ئائىلە، مۇھەببەت، مۇزىكا ۋە ناخشىغا بولغان ئىشتىياق قاتارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرى كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە غورۇر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭدەك ھەرخىل مىللەتتىن بولغان، ئورتاق تەقدىر ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىرادە بىرلىكلىرى بىلەن خاراكتېر توقۇنۇشلىرى ھەم ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىزدىنىش» رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەسەر. ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ئېلىزابىت بوۋىن يازغۇچىلارنىڭ بۇرچى ئۈستىدە

توختىلىپ: «ئەگەر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدىغان قىلىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىغا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسىر قوزغاشقا ۋە ئۇلار بىلەن ئىدىيە بىرلىكى بولۇشقا دىققەت قىلىشى، سەۋىيە جەھەتتىن بۇرۇنقى يازغۇچىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولۇشى لازىم.» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىگە مانا شۇنداق ئېغىر بۇرچ بېسىمى ئاستىدا تەلەپ قويۇپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ بىرى، بىز شۇنى خوشاللىق بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزدە ھەقىقىي «تۇرمۇش دەرسلىكى» بولۇش لاياقىتىگە، چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەسىرگە ئىگە رومانلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئالقىشلاشقا تېگىشلىك زور ئىش. لېكىن، مۇنداق ئالقىشلاش قۇرۇقتىن - قۇرۇق ماختاشلا بولۇپ قالماستىن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيە نۇقتىسىدىن پرىنسىپلىق باھالاش بولۇش لازىم. رومانلىرىمىزغا باھا بەرگەندە ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كەمچىلىك - ئاجىزلىقلىرىنىمۇ مۇرەسسەسىز ھالدا كۆرسىتىپ بېرىشتەك پرىنسىپلىق پوزىتسىيىلا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن توغرا يول ئاچالايدۇ ...

1985 - 1986 - يىل، غۇلجا.

# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى جەڭگىۋار رېئالىزم

ۋەتەنپەرۋەر، تالانتلىق شائىر، پىداكار جەڭچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر فېئوداللىق زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە دىنىي جاھالەتچىلىك پۈتۈن شىنجاڭ ئاسمىنىنى قاپلىغان، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى سىياسىي جەھەتتە قۇللۇقتا، ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتتىق تالان - تاراج قىلىنىشقا، مەدەنىيەت جەھەتتە نادانلىققا مەھكۇم قىلىنغان ئەڭ زۇلمەتلىك، ئەڭ ئېچىنىشلىق دەۋردە ياشىدى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

قاتمۇقات زۇلۇم ئەۋج ئالغان بۇنداق دەھشەتلىك رېئاللىق كىچىكىدىنلا پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللىنىپ، ئەينى دەۋردە شىنجاڭ زىيالىيلىرى ئارىسىدا تارقالغان جەدىتىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شائىردا مۇستەبىت جەمئىيەتكە قارىتا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك، قۇللۇق جاھالىتىدە كۆلپەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن چوڭقۇر خەيرخاھلىق ئويغاتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ نادانلىق، خۇراپاتلىق ئاسارىتى ئاستىدا ئېغىر ھالدىكى ئېزىش ۋە تالان - تاراج قىلىنىشقا تەييار يەم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھالىتى ئۇنىڭ يۈرىكىدە چىداپ تۇرغۇسىز غەم - غۇسسە، زار ۋە ھەسرەت ئوتىنىڭ لاۋۇلداپ يېنىشىغا سەۋەب بولدى. شائىرنى دۇنياغا كۆز ئاچقۇزغانمۇ دەل مۇشۇنداق غەزەپ ۋە زار بولدى.

شائىرنىڭ كىچىكىدىنلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ چەتئەللەرگە چىقىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرخىل باسقۇچلىرىدا تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشى ۋە ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى سىياسىي ئورنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى ئۇنىڭدا خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى پەيدا قىلىپ، بۇ خىل نامۇۋاپىق تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدىكى ئىنقىلابىي ئىزدىنىش يولىغا ئېلىپ كىردى.

ياڭ، جىن مىللىتارىستلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمەتلىك كۈنلىرىدە كىشىلەر ئالدىدا پەقەت ئىككىلا چىقىش يولى بار ئىدى. بىرى، ياڭ، جىن مىللىتارىستلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە تالان-تاراج قىلىشىغا تېز پۈكۈپ، «چۆل - جەزىرە، دەشت سەھرا ئىچىدە» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر مىسراسى) قۇل بولۇپ ياشاش؛ يەنە بىرى، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇنداق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى «جاننى ئالقانغا ئېلىپ» كۈرەش قىلىپ، ئازاد، ئەركىن، يېڭى ھايات يارىتىش.

شائىر ناھايىتى كۆپ سانلىق ئاما تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان، بىر ئوچۇم ھۆكۈمرانلار ھە دەپ قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ھەرمىللەتتىن بولغان يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىنى، دىنىي روھانىيلارنى سېتىۋېلىپ، خەلقنى تېخىمۇ قاتتىق ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ، ھەتتا، رېئال ھايات ھەققىدىكى ئەڭ تۆۋەن تەلەپلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنىمۇ دەھشەتلىك باستۇرۇۋاتقان خەتەرلىك سىياسىي ۋەزىيەت ئاستىدا قىلچە ئىككىلەنمەي قەلەمنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاستە مىلىتارىستلارنىڭ زوراۋانلىقىنى پاش قىلىشقا قاراتتى. خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئوبيېكتىپ ھالدا ساقلىنىپ

تۈرۈۋاتقان مىللىي زەئىپلىكنى تارتنماي پاش قىلىپ، ئازادلىق - ئەركىنلىككە تەشنا خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بالدۇرراق ئويغىنىپ، قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شائىر ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈلگەن بۇنداق ئۆتكۈر سىياسىي خاھىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق سەۋىيىدە چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى، بەلكى، ئەينى شارائىتتىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش جەھەتتە ئىنقىلابىي رېئالىزمغا كۆپ دەرىجىدە يېقىنلاشقانلىقىنى نامايان قىلدى. چۈنكى، تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز دەۋرىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكىنى ئەتراپلىق پاش قىلىپ، ئىندىۋىدۇئال ئازادلىق، ئەركىنلىكنى، بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، جەمئىيەتنى يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، تارىخىي ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنىڭ توغرا چارە - تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئىجادىيىتىدە تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ بۇ خىل سەۋىيىسىدىن ھالقىپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش قىلىش لازىملىقىنى ئىنتايىن روشەن ۋە كەسكىن گەۋدىلەندۈرۈپ، قەتئىي ھالدا ئىنقىلابىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئالغا سۈردى. شائىر ئىجادىيىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن لىرىك قەھرىمانلار فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا پۈتمەس - تۈگىمەس ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان كىشىلەر بولۇپلا قالماستىن، بۇنداق ئادەمخور جەمئىيەتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئارقىلىقلا ئۆزگەرتىش مۇمكىنلىكىنى، ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇش لازىملىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن قەھرىمانلار بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنەدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقالەمدە شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى جەڭگىۋار. رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ، دەپ خاراكتېرلىمەكچىمەن ھەم بۇ خىل يەكۇنگە كېلىشتىكى ئاساسىنى شەرھلەپ ئۆتمەكچىمەن.

1. شائىر ئىجادىيىتىگە باشتىن - ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن ئۆتكۈر سىياسىي خاھىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرىنلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش ۋە قامچىلاشقا قاراتتى. شائىر ئۆز ھاياتىغا كېلىدىغان خىلمۇ -خىل تەھدىت، زىيانكەشلىكلەردىن قورقماي، ئىنقىلابىي جاسارەت بىلەن ئۆز قەلىمىنى قورال قىلىپ، ئاساسىي دۈشمەننىڭ ياۋۇزلارچە قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى.

بۇ پارىلەرنىڭ بىرى،
يۇرتىمىز ئىدى شىنجاڭ.
ئۇيغۇر ئىدى ئاھالى،
يوق ئىدى مۇندا بىرئاڭ.

ھېچ تۇيمىدۇق بۇ ئىشنى،
ئۆتكۈزدۇق يازۇ - قىشنى.
جياڭجۇن بولۇپ ياڭ زىڭشاڭ،
باشلىۋەتتى قىرىشنى.

(« يەجۇجى - مەجۇجى » شېئىرىدىن )

مانا بۇ، شائىر ياشاۋاتقان دەۋردىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىپىكلەشكەن قىياپىتى.

شائىر « يەجۇجى - مەجۇجى » ناملىق بۇ شېئىرىدا ئىسلام رىۋايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان ئەڭ قەبىھ سەلبىي ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ، ياڭ زىڭشىن جاللاتلىرىنىڭ يالماۋۇز

سۇپەت ئوبرازىنى سىزىپ بەردى.

شائىرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا مىللىتارىستلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق ھۆكۇمرانلىقىنى پاش قىلىش شۇنچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، فېئوداللىق تۇزۇم، مىللىي زۇلۇم، دىنىي ئاسارەت بىرلەشكەن مۇستەبىتلىكنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ تۇپ خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ، جەمئىيەتتىكى خىلمۇ-خىل زىددىيەتلەرنىڭ گىرەلىشىشى، بىرلىشىشى، بىر - بىرىنى تەقەزز قىلىشىغىچە بولغان چوڭقۇر ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىر تەرەپتىن ياڭ زىڭشىن ئۆزىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىكىنى قوغداپ، تېخىمۇ كۆپ تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى قالاقلىق، قاششاقلىق ۋە فېئودال تارقاقچىلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى، مىللەتلەرنى مىللەتلەرگە، يۇرتلارنى يۇرتلارغا قارشى قويۇش بىلەن «نۇختىلاش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش» تاكتىكىسىنى قوللاندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي خۇراپاتلىقنى ھەدەپ يۆلەپ، خەلقنى نادانلىق ئاسارىتىدە قالدۇرۇپ، مىللىي ۋە دىنىي ساتقىنلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان بىر ئوچۇم گۇماشتىلارنى يېتىشتۇرۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش تاكتىكىسىنى ئىشلەتتى. شائىر نۇرغۇن شېئىرلىرىدا بۇ تارىخىي چىنلىقنى تارىخىي ۋە دىئالېكتىك جەھەتتىكى باغلىنىشلىرى بىلەن ئىنتايىن دەل ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇردى.

بار ئىدى قازى، موللا،
ئۈستىدە تونو سەللە.
«ئەمىرنى تۇتماق ۋاجىب»
دەپ چىقاردى پەتىۋا.

. . . . . . . .

ياڭغا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بۆرە پاقلان تاپقاندەك،
بۇڭدىمايلا يەپ كەلدى.

شائىر ئىسلام ئەقىدىلىرىدە ھۆكۈم سۈرگەن « پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ » دېگەن بۇ نەقىلنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى رېئالىستىك روھ بىلەن ئېچىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي تونغا ئورالغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ساتقىنلىقىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىككى قوللۇق سىياسىتىنىڭ رەزىللىكىنى قاتتىق قامچا ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭدەك ساختا پەتىۋا ئالدىدا تېڭىرقاپ، سۈكۈت قىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ھەر مىللەت ئاھالىسى ئىچىدىكى قۇللۇق روھى ھالەتنىمۇ ئايىماي ئېچىپ تاشلىدى.

شائىرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا «بىر پەلەكنىڭ خەمىكى» ، « غەزەپ ۋە زار » ، « ئۇزۇلمەس ئۈمىد » قاتارلىق شېئىرلىرىدا ھەممە بالايىئاپەتلەرنىڭ ئاساسىي تۆۋرىكى بولغان ياڭ، جىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىنتايىن رەزىل ئوبرازىنى سىزىپ بېرىپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ ئامال - چارىسى ئۈستىدە ھارماي - تالماي ئىزدەندى. پۈتۈن خەلقنى ئويغىنىپ، بۇ خىل زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدىكى ئۆتكۈر سىياسىي خاھىش ناھايىتى روشەن ھالدا يېڭى دېموكراتىك خاراكتېر ئالغان بولۇپ، ئۇلارنى تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ۋەكىللىرىدىن تېپىش قىيىن بولغان سەۋىيىگە يەتكەندى.

ئۆز ۋاقتىدا ئېنگېلس رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى شەرھلىگەن ۋاقتىدا «سوتسىيالىستىك خاھىشقا ئىگە بىر رومان رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەقىقىي تۇردە تەسۋىرلەش ئارقىلىق بۇ مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى خىياللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، بۇرژۇئا دۇنياسىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا شۈبھە تۇغدۇرۇپ، مۇقەررەر ھالدا مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا گۇمان تۇغدۇرسا، ئۇھالدا ئاپتور بىۋاسىتە تۇردە ھەرقانداق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ھەتتا ئاپتور بەزىدە ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئېنىق ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، مېنىڭچە بۇ رومان ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بىز ئېنگېلس تەشەببۇس قىلغان مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئىنقىلابىي مەزمۇنغا باھا بېرىدىغان بولساق ئۇ كۆتۈرۈپ چىققانتۇپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئىنقىلابىي تەشەب-بۇسلارنىڭ ئېنگېلس تەلەپ قىلغان ئۆلچەمدىن كۆپ دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

2. شائىر شېئىرلىرىدا يۈكسەك مىللەتپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، مىللەتنى ئويغىتىش، مىللەتنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى تىكلەش، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شائىر مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئازادلىق ئىشىنى فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىم بىر سېپى دەپ تونىدى، مىللەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن مىللەت ئىچىدىكى مىللىي زەئىپلىكنى پاش قىلىشنى مىللەتنىڭ ئادەتتىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى قالاقلىقىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش نوقتىسىدىلا ئەمەس، مىللىي

① ئېنگېلس: «مىنناكائوتىسكىغا يېزىلغان خەت». «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» 290-بەتتە نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

روھىنىڭ ئويغانمىغانلىقىنى ھۆكۈمران سىنىپ ۋە باشقا مىللەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېزىش، قۇل قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاجىزلىق دېگەن نوقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىپ تەھلىل قىلدى، ئۆزمىللىتى ئىچىدىكى مەنىۋى جەھەتتىكى قۇللۇق روھى ھالىتىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىقنى، دىنىي جەھەتتىكى مۇتەئەسسىپلىكنى ئايىماي پاش قىلدى. ئۇنىڭ مىللىي زەئىپلىكنى پاش قىلىشى ۋە تەنقىد قىلىشى لۇشۇننىڭ مىللىي زەئىپلىكنى پاش قىلىپ، مىللەتنى ئويغىتىش تەشەببۇسى ھەمدە « چۇقان » لىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە يەتتى. ئۇنىڭ « ئىستىمەس » ، « ئويغان » ، « باردۇر » ، « قىل باھار » قاتارلىق شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى.

«ئوت بولاتتىم، تولغىناتتىم مەن يېنىپ چاقماقسىمان،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس.

. . . . . . . . . . . . .

ھام① نىڭ ئەۋلادى بۇ كۈن قۇللۇقتا بىرسى قالمىدى،
ئۇيغۇر ئەۋلادى بۇنى ئەسلا سېزىشنى ئىستىمەس.

يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس. »

شائىر « ئىستىمەس » ناملىق بۇ شېئىرىدا نادانلىق، خۇراپاتلىق ئىلكىدە غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان خەلقتىكى زەئىپلىكنى ئەنە شۇنداق پاش قىلىپ، ئۇلارنى ئويغىتىش يولىدا جان كۆيدۈرگەن

① ھام - ياۋروپادىكى مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بولسا، «ئويغان» ناملىق شېئىرىدا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، تىزدىن ئويغىنىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تۇزەشكە ئاتلىنىشنىڭ زۆرۈرلۇكىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدى.

«ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.
. . . . . . . . . . .
كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرسىتى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.»

شائىرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىدە مىڭ تولغىنىپ، مىڭ بىر كۆيۈشى ئەنە شۇنداق پىغانلىق بولۇپ، يۇرتىكى تارىس قىلىپ يىرىلغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تېز سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىشقا ھارماي - تالماي چاقىرىق قىلغان. شائىر «ئۇيغۇرۇم» دېگەن شېئىرىدا ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، يۇرتۋازلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك، كۈچلۈكلەر ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، ئۆزىنى بەزلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى بىرمۇ ـ بىر ئېچىپ تاشلاپ، بۇ خىل زەئىپلىكنىڭ باشقىلارنىڭ خالىغانچە بوزەك قىلىشى ۋە ئۈمۈرۋايەت خارۇزارلىقتا ئۆتۈشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسىي ئىكەنلىكىنى پاش قىلىپ كۆرسەتتى. تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىر مىللىي زۇلۇم ئەۋج ئالغان ئەينى

دەۋردىكى ئۇيغۇرلاردىكى ئېغىر قۇللۇق روھى ھالىتىنى ئىنتايىن دەل ئوبرازلاشتۇرۇپ مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

«مىسلى كۆزنى تېڭىپ جۇگازغا قوشقان سېرىق ئۇي،
تېپىلماس يەر يۈزىدە بىزدەك چىلىڭ چىدام.»
(«روبائىي ۋە پارچىلار» دىن)

قەد كۆتۈرەي، دېسەڭ ئورنۇڭدىن تۇر، مىللىي غورۇرۇڭنى ئاياغ- ئاستى قىلمايمەن، دېسەڭ ئويغان، تۇرمۇشىڭنى ئۆزگەرتىمەن، دېسەڭ ئۆزۈڭنى ئۆزگەرت، ئەركىن - ئازاد ياشايمەن، دېسەڭ كۈرەش قىل! مانا بۇ بىر قاتار كەسكىن خىتابلار ئۇنىڭ شېئىرىغا تولۇق سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، خەلق ئۆزىنى - ئۆزىلا ئازاد قىلالايدىغانلىقىنى، ئازادلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن قورالل‍ىق ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشلا بىردىنبىر توغرا چارە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، ئۆزگىرىش تەرەققىياتى ھەققىدە ھەم تارىخىي چىنلىق، ھەم دىئالېكتىك قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىپ يېتىشتە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

3. شائىر ئىجادىيىتىدە ئىزچىل ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر ئىدىيىۋى مەزمۇن جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، پەن، مەدەنىيەت ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى رولىغا بولغان يۈكسەك ئېتىقادى بولدى.

« پەنگە مانگساق يول ئېچىپ، كاپىر، جىددىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن. »

( « غەزەپ ۋە زار » دىن )

شائىر نۇرغۇن شېئىرلىرىدا دىنىي خۇراپاتلىقنى كۈچلۈك ھەجۋىي كۈلكە بىلەن مەسخىرە قىلىپ، ئىلىم - مەرىپەتنى يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىدى. بۇ نوقتىدىمۇ شائىر ئوخشاشلا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشىشنىلا كۆزدە تۇتقىنى يوق، بەلكى، ئەڭ مۇھىمى، ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئاڭنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى توغرا يورۇتۇپ بەردى.

4 . شائىر ئىجادىيىتىدە باشتىن- ئاخىر ئەڭ رۇشەن، ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇنىڭ «كۈرەش» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكى بولدى. ئۇ بارلىق شېئىرلىرىنىمۇشۇ سىياسىي خاھىش بىلەن تويۇندۇرۇپ، كۈرەش بىلەن يېڭى دۇنيا يارىتىش ھەققىدىكى ئىنقىلابىي جاسارىتىنى تەشۋىق قىلدى. گەرچە بىز ھازىرغىچە بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزدە شائىرنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن تونۇشقانلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن جاننى ئالقانغا ئېلىپ،

قوراللىق ئىنقىلابقا ئاتلىنىش ئىرادىسىدىن، ئىنقىلابنىڭ بارلىق سىناقلىرىغا بولغان تولۇق روھى تەييارلىقىدىن، شۇنىڭدەك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىر قانچە قېتىم زىيارەت قىلىشى، بولۇپمۇ شەمەي شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىشى، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپلا دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ بورىنىغا ئۆزىنى ئېيتىشتەك ئەمەلى پائالىيەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دۇنيا قاراشتا، ئىنقىلاب قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىشتە پەقەت بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيىۋى باسقۇچتىلا چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ساۋاقلىرى، يېڭى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ھەققىدە بىر قەدەر تولۇق بىلىمگە، ئىنقىلابىي سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

«قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىنىڭ باشىنى كەس، قانىنى چاچ.
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج.»
(«ئويغان» دىن)

مانا بۇ شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان دېھقانلار ھەرىكىتىنى قوزغاشتىكى يالقۇنلۇق چاقىرىقنامىسى. شائىر قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىن ئىلھاملىنىپ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش ئۇچۇن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا پىداكارلىق بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئاتلانغان، ئۇ بىر قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلابنى بالدۇرراق ئەۋج ئالدۇرۇپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىرىغان.

«دەۋرى جەبرىدىن ئېسىت! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارەسەن.»
( «غەزەپ ۋە زار» دىن )

دېمەك، زۇلمەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ «جاننى ئالقانغا ئېلىپ» كۈرەش قىلىش يولى، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

ئۇيغۇر ئېچىپ كۆزۈڭنى،
تونۇپ قوي ئۆزۈڭنى.
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي.
( «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي» دىن )

شائىرنۇرغۇن شېئىرلىرىدا مىللەتارىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەت قاپلىغان مۇدھىش ئوبرازىنى سىزىپ، بۇنداق مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق كۈرەشكە جان پىدا قىلغان قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئوبرازىنى ياراتتى. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدا ئىنقىلابنى بۇرۇنراق باشلىۋېتىشكە بولغان تەقەززالىقى، پۇخادىن چىققۇچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدىغان جاسارىتى جۇش ئۇرۇپلا قالماستىن ئىنقىلابنىڭ ھايات - ماماتقا بېرىپ تاقىلىدىغان قىيىن سىناقلىرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىق مۆلچەرلىگەن تولۇق روھى تەييارلىقىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەرجانغا بولسۇن شۇ خىتاب.
( « كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس » دىن )

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما باشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس قىلىچنى بوياپ قان بىلەن.
( « كۆڭۈل خاھىشى » دىن )

دېمەك، شائىر ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئىشىنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار، ئەڭ مۇقەددەس ئىش دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان، جەڭگىۋار ئىنقىلابىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان لىرىكىلىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايە، جەڭگىۋار تەشەببۇسلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشلەرنى قولغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغان. شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ خىتابلىرىنى يالغۇز باشقىلارغا تەشۋىق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىدى. بەلكى، ئۇ، بۇ خىتابلىرىغا ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلىپ، ئىنقىلابنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى جەڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگۈچە بولغان جەرياندا نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاخىرىدا ھەققانىيەت ۋە ئازادلىق يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى. مانا بۇ شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىلگىرى سۈرگەن خىتابلىرىغا بەرگەن شانلىق جاۋابى. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئي شەكىل جەھەتتىكى مۇنداق يۈكسەك سەۋىيىسى 20 - يىللاردىكى شىنجاڭ شارائىتىدا ھەرقانداق ئادەم ئادەتتىكىدەكلا قول سوزۇپ ئېرىشكىلى بولىدىغان سەۋىيە ئەمەس. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا شائىر 20 - يىللاردا تۇرۇپ 40 - يىللارنىڭ

ئىدىيىۋى يۈكسەكلىكىگە قول يەتكۈزۈپ، ئۆز دەۋر چەكلىمىسىدىن بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ھالقىپ ئۆتكەن، شائىر ناھايىتى توغرا، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ۋەتىنىمىزدە ئىجتىمائىي ئازادلىق دولقۇنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا، ئىنقىلاب جەزمەن غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئەركىن، ئازاد يېڭى جەمئىيەت بەرپا بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

بىز يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزگە ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولۇشىغا مۇناسىپ بولغان ئىنقىلابىي شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا باھا بەرگەندە «جەڭگىۋار رېئالىزم» دېگەن يەكۈنگە كەلدۇق. بۇنداق ئاتاشتا مۇنداق ئىككى سىلىشتۇرما يەنى بىرىنچىدىن، شائىر ئىجادىيىتى تەنقىدىي رېئالىزمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ماركسىزم كۆزقارىشىنى يېتەكچى قىلغان ئىنقىلابىي رېئالىزم ياكى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى پەرقلىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ «يار» نى سىمۋول قىلغان بىرمۇنچە لىرىكىلىرى بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا ئاساسەن جۇدالىق زارى بىلەن ۋىسال تەشنالىقى، تۇرمۇشتىن زېرىكىش، پۇغان ۋە زار، يالغۇزلۇق دەرد - ھەسرىتى قاتارلىق روھى ھالەتلەرمۇ ئەكىس ئەتكەن. بىراق بۇلار شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرىدىكى ئاساسى خاھىشلىرىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇنى شائىرنىڭ ئەينى شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان تەۋرىنىشلىرى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1988 - يىل

# ئىلھام ۋە ماھارەت

مەھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىرلار توپلىمى
« كاككۇك گۈلى » توغرىسىدا

لىرىك شائىرنىڭ دۇنيانى بىلىش سەۋىيىسى بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئۇنىڭ شېئىري ھېسسىياتى ۋە ئىجادىيەت فانتازىيىسى ئىچىدە ئايان بولىدۇ. شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ جۇشقۇنلۇقى، كەڭلىكى، پىكىر ۋە غايىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، يۈكسەكلىكى، شېئىرىي تىل ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن كىتابخانلارنى ئادەتتىكى روھىي ھالەتتىن يۇلۇۋېلىپ، ئۇلارغا يېڭى بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە ئېستېتىك زوق ھەم مەنىۋى ئوزۇق بېرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي قايىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە شېئىر شائىرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئېستېتىك تەلىپى، غايە ئىستىكى ئارقىلىق قايناپ چىققان ئىلھام بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ تېخىمۇ زور بولۇشىنى ئىزدەيدىغان شائىرلاردىن ھەرقانداق شېئىرنى كۈچلۈك روھى تەۋرىنىشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا قان - تەرىنى سىڭدۈرۈشنى، ئىلھامسىز، قۇرۇق - قۇرۇق زورۇقۇپ يازغان شېئىرلىرىنى ئىجادىيەت مېۋىسى تەرىقىسىدە كىتابخانلار ئالدىغا قويماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

شائىر مەھەممەتجان راشىدىننىڭ «كاككۇك گۇلى» ناملىق توپلىمىغا نەزەر سالىدىغان بولساق يوقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزگە تولۇق جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

شائىر م. راشىدىن «تۆت كىشلىك گورۇھ» ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئاپەتلىك يىللارنىڭ بەھۇدە قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس - تاس قالدى. ئۇزۇن يىللىق سىياسىي بېسىم ئۇنى كىشلىك تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىشكە، رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ۋە ساۋاققا ئىگە قىلدى. شائىرنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە، شائىرلىق فانتازىيىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە، تۇرمۇش تەقدىم قىلغان پىكىر ۋە خاھىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. «كاككۇك گۇلى» ناملىق توپلىمىدىكى شېئىرلار مانا شۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنىڭ جاپالىق مېۋىسى تەرىقىسىدە كىشىنىڭ كۆز نۇرىنى قاماشتۇرىدۇ.

شائىر م. راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن شۇنچە قىزغىن قارشى ئېلىنىشى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ بېسىمى ئاستىدا تەلەپ قويغانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن.

قەلەمنى ئالغىنىم يوق شۆھرەت ئۈچۈن،
يۈكسەكلىك تالاشمايمەن ھېچكىمدىنمۇ.
مۇرادىم ئەلنىڭ مەندىن مەمنۇنلۇقى،
ئەپسۇسلار ئاڭلىغىم يوق ھېچ دىلدىنمۇ.
(«شېئىر ۋە شائىر» دىن)

شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە تۇتقان بۇ قەتئىي مەيدانى ۋە توغرا پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ئىجادىيەت فانتازىيىسىگە قانات پەيدا قىلىپ، ئىجادىيەت مۇساپىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۇزلۇكسىز ئۆرلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۆز ئىجادىيىتىگە ئەنە شۇنداق سەممىي پوزىتسىيىدە قارىغان شائىر شېئىرلىرىغا مۇنداق تەلەپ قويىدۇ.

تال بولۇڭلار شېئىرلىرىم، ئورمان بولۇڭلار،
ئىتىزلارغا كۆك تىرەكتىن قورغان بولۇڭلار!
ھەر يۇرەككە سىلەر بەرگەن ھوزۇردۇر بەختىم،
زۆرۈر بولسا بىر زەمبىلگە قۇربان بولۇڭلار!

سىلەر شائىر باغلىرىنىڭ ھالال مېۋىسى،
ئۆزۈڭلارمۇ گويا ھالال ئىنسان بولۇڭلار!
ھەقىقەتتىن ئازدۇرمىسۇن بىراۋ سىلەرنى،
ئەڭ ئاۋۋىلى شائىر ئۈچۈن ۋىجدان بولۇڭلار!

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى. ئۆز ئىجادىيىتىگە ۋىجدانەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ھېسابلىشىدىغان شائىر شېئىرلىرىنى «بوۋايلارغا ھاسا»، «ئاجىزلارغا ئىھسان»، «ياخشىلارغا قالقان»، «كارۋانلارغا گۈلخان» بولىدىغان، قولغا ئەپ، ئېھتىياجغا ماس قورالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مىڭ بىر تولغىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

«كاككۇك گۈلى» توپلىمىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەربىر شېئىرنىڭ كۈچلۈك ئىلھاملىنىش بىلەن جاپالىق ئەجىرنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى، ھېسسىياتلىرى قايناق، تەسەۋۋۇرلىرى قاناتلىق، تەسۋىرلىرى چىن، تەسىراتلىرى چوڭقۇر، جۈملە قۇرۇلمىلىرىمۇ شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە راۋان،

ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، پىششۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شائىر ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەڭ ئاۋۋال ئۆز تەسىراتلىرىدىن ئۆزى ھاياجانغا كەلگەن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان دەرىجىدە ئىلھاملىنىپ، ئىككى كۆزى لىققىدە ياشقا تولغان، ھەربىر شېئىرى يۈرەك قېنى بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۇنىڭدا بالقىغان چىن تەسىراتلىرى يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىگە كۆچۈپ، ئۇلاردىمۇ شائىرنىڭ ئۆزى تەسىرلەنگەندەك تەسىرات پەيدا قىلغان. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «سىر ھەققىدە»، «چەك»، «سېنى...»، «تېخى»، «كاككۇك»، «كاككۇك گۈلى»، «سەن باھارنى ئىزدىسەڭ» قاتارلىق شېئىرلارنى ئوقۇساق مۇشۇنداق تەسىراتقا ئىگە بولىمىز.

. شائىرنىڭ ئون يىللىق بالايىئاپەت مەزگىلىدىكى ئىجادىيەت فانتازىيىسىدىن شۇ نەرسە زاھىر بولىدۇكى، شائىر شېئىرلىرىدا «جەمئىيەت ئازادلىققا ئېرىشمىسە، مەنمۇ ئازادلىققا ئېرىشەلمەيمەن» دېگەن ھەممىگە تونۇشلۇق داۋلىنى تەكرارلىمايلا قالماستىن، «مەن ئازادلىققا ئېرىشمىسەم، جەمئىيەتمۇ ھەقىقىي رەۋىشتە ئازادلىققا ئېرىشەيدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن ئىنسانى قەدىر - قىممەتنى قوغداش يولىدا پىداكارلىق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پاتراق ئويغىنىپ، ئۆزىنى بىلىشى، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولۇپ تۇرۇپ، جەمئىيەتكە تەسىر قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى.

ئۇ «سېنى...» ناملىق غەزىلىدە مۇنداق دەپ كۈيلەيدۇ:

يەتتە قات دوزاختا كۆيسەم گەرسېنىڭ ۋەسلىڭ ئۈچۈن،
شۇ ئېروركىم سۆيگىنىم دوزاختىمو يايراپ سېنى.

ساڭا بەرگەن بۇ كۆڭۈل ھەق ئۇغلىنىڭ چىن ئىشقىدۇر،
بۇ ئىشقتىن قايتۇرالماس دۈشمىنىم قارىلاپ سېنى.

مېنى قىيناقتا باسقان ئەھلى ياۋۇزلار بۇگۈن،
مەشۇقۇم چۆرەڭگە باقىن ، يۇرىدۇ پايلاپ سېنى.

سەن ۋاپانىڭ ئەھلى بولدۇڭ، مەن ۋاپانىڭ بەندىسى،
شۇ مۇھەببەت قىلدى قەيسەر ئۇتىدا تاۋلاپ سېنى.

ئۆزىنىڭ پاك سۆيگۈسىگە سادىق لىرىك قەھرىمانىنىڭ قەيسەر ئىرادىلىك روھى چاچراپ تۇرغان بۇ مىسرالار ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى نەقەدەر كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن - ھە!

كىتابخانلار بۇ شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى ھاياجانغا تولغان جىسمىنىڭ سىماسىنى كۆرەلەيدۇ، ئۆزلىرىنى ئاشۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئىچىدە ئازاب چېكىپ تۇرۇپمۇ، ئىنسانىي غۇرۇرىنى يوقاتمىغان، ھەقىقەت، ئادالەت يولىدا تەۋرەنمەي قىيىن سىناقلاردىن ئۆتكەن كىشىلەر قاتارىدا كۆرۈپ چەكسىز پەخىرلىنىش ھېس قىلىدۇ.

شائىر « كاككۇك » دېگەن شېئىرىدا :

بولامدىم ئاشىقى يارىنىڭ، ئىشقىنى بىلمىسەم كاككۇك،
كۈيۈمنى كۈيلىرىڭگە جۆر قىلۇرمەن ئۆلمىسەم كاككۇك.

چېچەك ئاچماس مۇرادىم بۇ ۋىسالسىز ئىككى دۇنيالىق،
سېغىنغان مەشۇقۇمنى گەر قۇچاقلاپ سۆيمىسەم كاككۇك.

جەھەننەم بولسىمۇ مەيلى شۇ ھىجران ئوتىدا كۆيدۇم،
مۇھەببەت ئەھلى خوپ كۆرمەس شۇ ئوتتا كويمىسەم كاككۇك.

نىگار دەپ كەچكىلى جاندىن قىلىچ ئالدىدا تەخ تۇردۇم،
بېشىمدا ئۇشبۇ قىسمەتتىن سۆزۈم جىق سۆزلىسەم كاككۇك.

دەپ يېزىپ، نىگارىنىڭ ۋىسالىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتا قىلىپ تەلپۈنگەن پىداكار ئاشىقنىڭ تەشنالىقىنى كۈيلەيدۇ. شائىرنىڭ بۇ بىر قاتار مۇھەببەت تېمىسىدىكى غەزەللىرىدە ئىپغىر دەرد-ھەسرەت ھۆكۈم سۈرسىمۇ، بۇنداق قوزغىتىلغان ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەكس ئەتكەن ئاساسي روھ بىر خىل ئىچكى ئويغىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى، ھەققانىيەت يولىدا كۈرەش قىلىشنى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچۇم دەپ تونۇيدىغان ھەقىقي ئادەملەرنى ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ بىناسى ھىجران قايغۇسى ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان بولغاچقا ئاشىقنىڭ ۋۇجۇدىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ھېسسىيات ۋىسال تەشنالىقى بولىدۇ. دەرۋەقە، شائىر «يار» نى سىمۋول قىلغان بۇ غەزەللىرىدە ئىشقى مۇھەببەتكە بولغان ۋاپادارلىقنى ۋاستە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «يار» دىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ۋاستە بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ رېئاللىقتا قارىتا باھا بېرىش ئىستىكىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى شارائىتتىكى رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىغان ھەققاني ئارزۇ - غايىسىنى ئىپادىلەشكە زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ.

شائىر «قەدىرىنى ...» دېگەن غەزەللىرىدە مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ.

جان ئەزىز دوستلار لېكىن، جانان شۇ جاندىنمۇ ئەزىز،
دىل بېرىپ يار سۆيمىگەن بىلمەيدۇ جانان قەدرىنى.

ياخشى سۆز دەرمان ئېرۇر دەردلىك كۆڭۈلگە تاغ كەبى،
كىرپىكى نەم كۆرمىگەن بىلمەس شۇ دەرمان قەدرىنى.

چاڭقىغاندا تامچە سۇ تاڭلايلىرىڭنىڭ بەختىدۇر،
چۆلدە ئاپتاپ كۆرمىگەن بىلمەيدۇ ئورمان قەدرىنى.

لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئەركىنلىكتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان نالە - پەريادى، رەھىمسىز رېئاللىقتا بولغان غەزەب ۋە زارى كىتابخاننى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇلار بولغان ئەركىنلىك، ئازادلىق، ئىنسانى ئىززەت - ھۆرمەت يولىدا قىلچە دېلىغۇل بولماي ھەرىكەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نامايان قىلىدۇ.

ئىنسانى ئەركىنلىك، ئازادلىققا سەل قاراش، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئىنسانى قەدىر - قىممەت ھەققىدىكى ھەرقانداق ئىزدىنىشلىرىنى ئاياغ-ئاستى قىلىپ، ئۇنى تەقدىر، باشقىلار تەرىپىدىن خالىغانچە باشقۇرۇلىدىغان ئادەمسىمان مەخلۇقلار قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويۇش پۈتكۈل فېئوداللىق مۇستەبىتلىككە سىڭدۈرۈلگەن مىزاندۇر. ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، ئارزۇ - ئارمىنى، ئىنسانى تەبىئىتى . . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى فېئودال مۇستەبىتچىلەرنىڭ نەزەرىدە پۈتۈنلەي يوقىتىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردۇر. « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ فاشىستلىق دېكتاتورىسى نەچچە مىڭ يىللىق مۇستەبىتچىلىكنىڭ ئەنە شۇ ئەمىر - مەرۇپلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنساننى خارلاشتا ئۇنىڭدىن ھېچبىر قېلىشقۇچىلىكى قالمىدى.

ئادەمدىكى كىشىلىك غۇرۇرغا، ھەقىقەتكە، ئادالەتكە،

تۇرمۇشتىكى بارلىق گۈزەللىككە بولغان ئۇلۇغۋار ئېتىقاد ئۆزىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر- قىممىتىنى مۇقەددەس، دەخلى- تەرۇزسىز دەپ تونۇغان ۋاقىتىدىلا پارتلاپ چىقىپ، ھەر قانداق قىيىن سىناقلارغا تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت بەخش ئېتىدۇ.

مەھەممەتجان راشىدىن بۇ دەۋردە يازغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ چېكىدىن ئاشقان فاشىستلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى مەردانىلىك بىلەن كۈرەش قىلغان ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ پارلاق ئوبرازىنى ئەكىس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭ «تېخى ...» ناملىق غەزىلى ئىدىيىۋى ئازادلىقنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىشەنگەن، ھەقىقەت يولىدا ھەرقانداق قىيىن سىناقلار ئالدىدا تەۋرىمىگەن كىشىلەرگە ئوقۇلغان مەدھىيە.

ياتىمىقىم ھەق ۋەجىدىن بولدى قاماق ئىچرە مېنىڭ،
ئېيىت خەۋەر ھەق ئەھلىگە شۇ ھەقىقە چىن يارمەن تېخى.

جان ئەمەس، جانان تالاشتىم شۇندا جەبرائىل بىلەن،
سەنمۇ ھەق ھىجرانىدا كۆيسەڭ ۋاپادارمەن تېخى.

ساق مېنىڭ قەلبىم گۈلۈم قەددىمگە ئوق تەگكەن بىلەن،
تاڭلا كۆر چېكەڭدە گۈل، ئالدىڭدا گۈلزارمەن تېخى.

ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز ئىشىنىڭ ھەقلىكىگە، كەلگۈسىگە بولغان ئۇلۇغۋار ئىشەنچى چاچراپ تۇرغان بۇ مىسرالاردىكى قايناق ھېس - تۇيغۇلارنى ئادەتتىكى تىل بىلەن ئىزاھلاپ ئولتۇرۇش پۈتۈنلەي ھاجەتسىزدۇر. ئەگەر شائىر ئون يىللىق بالايىئاپەت ناھەقچىلىكلىرىنىڭ، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتىنى، گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى دەپسەندە

قىلغان رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ زامانداش كۆزەتكۈچىسى، ھەتتا، ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن ھوقۇقسىزلىقنىڭ بىر ۋەكىلى بولمىغاندا ئىدى، مۇنداق دەرد - ھەسرەت، ۋىسال تەشنالىقى يامراپ تۇرغان شېئىرلارنى يازالمىغان بولاتتى. شائىرنىڭ مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى روھى تەۋرىنىش ( ئىلھام ) ئىچىدە پەيدا بولغان شېئىرلىرى بىلەن ئۇچراشقان كىتابخان ئىختىيارسىز ئېستېتىك زوقنىڭ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى سېھرى كۈچىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ.

لىرىك شېئىرنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى تەسىر كۈچى قوزغىتىلغان ھېسسىيات بىلەن قاناتلانغان تەسەۋۋۇرنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان شېئىرى ئوبراز ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇرنى دەل جايىدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز قەلبىدە پەيدا بولغان جۇشقۇن تەسىراتلارنى كىتابخاننىڭ قەلبىگە ئۇنۇملۇك كۆچۈرۈپ، ئۇنى ئادەتتىكى روھى ھالەتتىن يۇلۇۋېلىپ، شېئىردىكى مەنىۋى موھىت ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، تەسىرلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. مانا بۇ مەسىلە شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە باغلىقتۇر. چاپچىپ تۇرغان شېئىرىي ئىلھامغا غەرق بولغان شائىر ئۆزىنى ئۇنتۇش ھالىتىگە ئۆتۈپ، ئۆزىنى ئۆز لىرىكىسىدا ياراتقان فانتازىيىلىك يېڭى دۇنيانىڭ پۇقراسى تەرىقىسىدە ھېس قىلغىنىدەك، پەقەت يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئىگە بولغاندىلا ئۆز كىتابخانلىرىنىمۇ خۇددى شۇنداق تۇيغۇغا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ھۆكۈمرانلىق بايرىقىنى تىكلەيدۇ.

شائىر م. راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغانلىقىدا. ئۇنىڭ بۇخىل بەدىئىي

ماھارىتى ئالدى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە تېما تاللاشتىكى ئىزدىنىشىدە روشەن كۆرۈنىدۇ. ئۇ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى يېزىشتا تېما جەھەتتىكى يېڭىلىقتا ئالاھىدە كۈچ بۆلگەن. گەپ ئەلۋەتتە، تېما جەھەتتىكى يېڭىلىقتىلا ئەمەس، شېئىرنىڭ ھاياتى كۈچى، ئەڭ مۇھىمى شېئىرىي پىكىرنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىشقا مۇناسىپ بولغانلىقىدا. مەسىلەن: ئۇنىڭ «ئېگىز بىنالار» دېگەن كىچىككىنە لىرىكىسىنى ئالساق شائىر بۇ شېئىرىدا «غادىيىش» دېگەن ئۇقۇم ئىچىدە يوشۇرۇنغان ئىككى خىل مەنىسىنى ماھارەت بىلەن قېزىپ چىقارغان. بىرىنچىدىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىكى قۇرۇلۇشلىرىمىزنىڭ ھەيۋەتلىك غادىيىپ تۇرۇپ، ھەرقانداق كىشىگە زوق - ھەۋەس بەخش ئېتىدىغان كىشىنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىنالارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرگەن ئېگىز بىنالارغا ئوخشاش تاناسىپ ھالدا «غادىيىشى» كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. شائىرنىڭ شېئىردىكى قوزغىتىلغان ھېسسىياتى زامانىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ سەلتەنەتلىك غادىيىشىغا بولغان زوق - ھەۋەستىلا توختاپ قالماستىن، قاناتلانغان تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يېڭى شارائىت، يېڭى ئورۇن ئىچىدە بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ، ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھەم چۈشۈپ كېتىدىغان يېڭى زىددىيەتكە دۇچ كەلگەنلىكىگە يېتىپ بارىدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، بىنالارنى ۋاستە قىلىپ ئادەملەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭ «ئاتىلار ئەجرى» تېمىسىدىكى شېئىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە بولغان، لېكىن، تىل بىلەن ئىپادىلەپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى پىكىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن ياخشى شېئىردۇر. شېئىرىيىتىمىزدە ئاتىلار ھەققىدە ئىنتايىن كۆپ شېئىر يېزىلدى،

ئەمما، «ئاتىلار» دېگەن تېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ شېئىر يازغانلار يوق ھېسابىدىلا. ھالبۇكى، شېئىرلىرىمىزدا كۆپلەپ تىلغا ئېلىنمىغىنى بىلەن ئاتىلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى كىممۇ ئانىلارنىڭكىدىن كەمرەك دەپ ھۆكۈم قىلالايدۇ؟! دەرۋەقە، بۇ مەسىلە كىشىلەرنىڭ تۇيغۇ ئۆلچىمىدە ئاللىقاچان ئېنىقلىنىپ بولغان مەسىلە. لېكىن، ھېچكىممۇ «ئاتىلار ئەجرى» نى شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن تويۇندۇرۇپ، شائىر م. راشىدىنىدەك مۇنداق يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ باققان ئەمەس.

تارىختا تۆھپىكار ئاتىلار بىلسەڭ،
دەۋرلەر شۇلارسىز ئالماشقان ئەمەس.
شۇلاردۇر مەيلەر سۆرىگەنلەرمۇ،
بىنالار شۇلارسىز قاملاشقان ئەمەس.

ئەۋلادلار قەلبىگە ئاتىلار ئۇستاز،
كېلىدۇ ئىزىدا مىليونلاپ پەرزەنت.
ئىسيانلار ئالدىدا ئاتىلار ماڭغان،
تۇنقۇنغا ھەم شۇلار بولغان نەزەربەند.

شېئىردىكى قاناتلانغان تەسەۋۋۇر قايناق شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن تويۇندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر چۈشەنچە شۇنچە رەڭدار، شۇنچە جەزبىدار ئىپادىلەنگەنكى، بىز شائىرنىڭ قەلەم ئىزىغا ئەگىشىپ، گاھ مۇشەققەتلىك ئەمگەك قايىنغان جايلارغا، گاھ قان تۆكۈلگەن شىددەتلىك جەڭ مەيدانلىرىغا، گاھ ئاتىلار ئەۋلادلار ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ ماڭغان يېڭى مەنزىللەرگە يېتىپ بارىمىز . . . شېئىرنىڭ مىسرا - كۇپلېتلىرىدىكى ھېسسىي مەنزىرىلەر گاھ پاراللېل، گاھ قارىمۇ - قارشى، گاھ گىرەلەشكەن

هالدا مۇرەككەپ گارمونىيىلىك بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىپ، كىتابخاننىڭ روھى ھالىتىنى شېئىردىكى بەدىئىي مۇھىتقا ئېلىپ كىرىپ، ئېستېتىك زوق بىرىپ ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

شائىرنىڭ ھېسسىيات مەلھەملىرى بىلەن تويۇندۇرۇلغان، قاناتلانغان تەسەۋۋۇرى كىتابخانلارنى مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ يىراق ۋە چوڭقۇر ساھەللىرىغا ئىختىيارسىز ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ «ناخشا ئېيتسانىڭ»، «تەمبۇرۇم»، «مەن ئەسىر بولدۇم ساڭا»، «سەن باھارنى ئىزدىسەڭ» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ ئىنچىكە ئىزدىنىش ئاساسىدا تېخى باشقىلار تەرىپىدىن ئۇتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان پىكىرلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، شائىر ئاشۇ ئىلھامبەخش مىنۇتلاردا مىسرالارغا تىزمىغان بولسا، دۇنىياغا مەلۇم بولماي قالىدىغان پىكىرلەردەك، كىشىنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدىغان يېڭىلىقلىرى بىلەن ھەربىر كىتابخاننى مەھلىيا قىلىدۇ.

ياخشى يارىتىلغان شېئىرنىڭ پىكرىدىكى ئىجادىي ھەم يېڭىلىقى شېئىرىي ئوبرازنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇلگەن مەركىزىي ئىدىيىدىلا گەۋدىلىنىپ قالماستىن، ئاشۇ بىر شېئىرنىڭ ئايرىم بېيىت، ئايرىم كۇپلېتلىرىدىكى پىكىرلەرمۇ ھېچكىم تېخى ئىشلىتىپ باقمىغان ئوبرازلىق جۈملە قۇرۇلمىلىرىدىن، شائىرنىڭ ئۆز مەنىۋى خاسلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نوتۇق جەھەتتىكى مۇستەقىللىكىدىن تەشكىل تاپقانلىقىدىمۇ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق شېئىردا پۈتۈن مىسرا، كۇپلېتلارنىڭ پۈتۈنلەي يېپيېڭى بولۇشىنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما شائىرنىڭ ئەجىر سىڭدۇرىدىغان ئەڭ موھىم يېرى شۇ شېئىر بىناسىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئاساس بولىدىغان بىرەر كۇپلېت، بىرنەچچە مىسرالاردىكى ئىجادكارلارچە ماھارىتىدۇر. مەھەممەتجان راشىدىننىڭ ھەربىر شېئىرىدىن مۇشۇنداق ئىلھامبەخش مىسرا - كۇپلېتلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇ «چەك» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق مىسرالارنى ئىشلىتىدۇ.

مەن قارا بوران قېقىپ ئۆتكەن چېچەكلەرنىڭ بىرى،
ھەردوقال كەلگەندە باغلاردىن غورا قاقاندا چەك.

پاھ! بۇ مىسرالار ئەينى شارائىتتىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى نەقەدەر ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن - ھە؟! شائىر ئۆزىگە خاس تىل ماھارىتى بىلەن ئادەتتىكى بايان خاراكتېرلىك ۋەقەنى ئوبرازلىق تون ئىچىدە تەكرارلانماس قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

مۇنداق مىسرالارنى ئۇنىڭ «ناخشا ئېيتساڭ» دېگەن شېئىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بىر سېھرلىك كۈچ ئىرور سەنكىم تىرىك جانلار تۇگۇل،
قەبرىلەر ئىچرە شېھىتمو ئويغىنار ناخشاڭ بىلەن.

بىز يەنە تۆۋەندىكى بېيتلارنى ئوقۇپ كۆرەيلى!

مەن ئەسىر بولدۇم ساڭا سەن ياكى ئوق ئاتماي تۇرۇپ،
جان چىقار بولدى بۇ تەندىن يا قىلىچ چاپماي تۇرۇپ،
... ... ... ...
ئىككى تال سۇمبۇل چېچىڭغا باغلىنىپ جىسمىم تامام،
يۈرىمەن ھېچكىم ساڭا ئارقان ئېلىپ چاتماي تۇرۇپ.

بۇ مىسرالاردىمۇ شۇنچىلىك جۇشقۇن ھېسسىياتچاچراپ تۇرىدۇكى، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىقتىدارى باشقا ھەرقانداق شائىردىن روشەن پەرقلىنىپ، خۇددى قىرلىق سەدەپتە چاقنىغان قۇياش نۇرىدەك، ھەربىر شېئىرىغائوبرازلىق لىباس، بالقىپ تۇرغان

ھاياتى كۆچ ۋە ئېستېتىك قىممەت بېغىشلايدۇ، شېئىرىي پىكىرلەرنىڭ ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدە باشقىلاردا تەكرارلانمايدىغان ئۆزگىچىلىك ۋە ماھارەت مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

م. راشىدىن شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ماھارەت ئۇنىڭ تىلىمىزدىكى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئىجادىي ۋە ئۆزگىچە قوللىنىشى، شېئىرىي تىلىنىڭ ئاممىباب، راۋانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ تىلدا موبالىغە قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ھەربىر ھېسسىيات، ھەربىر ھادىسىنى دادىل مۇبالىغە، مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن زورايتىپ، بۇنىڭدىن يۈكسەك پەللە قالمىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ.

سېنىڭ ئۈچۈن مۇزدا ياتسا كىم ئەگەر،
مېنىڭ قۇياشلىق ئىسسىق سېزەر قەلبتە.
(«ھەقىقەت» تىن)

يەتمەيدۇ بىر غۇنچەڭنىڭ سىياقىغا،
ئالەمدىن ئالغان جىمى ئىلھاملىرىم.
(«گۈل» دىن)

تاغچە مۇشكۈل جەبرىلەرمۇ چىن مۇھەببەت ئالدىدا،
كۆل ئېرور چىمدىمچە گويا «پۇۋ» دېسە ئالقاندا يوق.
(«چىن مۇھەببەت ئالدىدا» دىن)

شائىر چاپچىپ تۇرغان ھېسسىياتىنى دادىل مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق مۇئەييەن بىر سېلىشتۇرما پەيدا قىلىپ، ئۆزخاھىشلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مېتافورا، مېتانومىيە، سىمۋول، سېلىشتۇرۇش، سۇپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىمۇ باشقىلار تېخى قوللىنىپ باقمىغان

ئۆزگىچىلىك ۋە ماھارەت بىلەن ئىشلىتىپ، ئۆزگە خاس تىل ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن.

«كاككۇك گۈلى» توپلىمىدا ساتىرىك شېئىرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا تۇرمۇشىمىزدا ئوبيېكتىپ ھالدا ساقلىنىپ تۇرغان مىللىتىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى كۈچلۈك پاش قىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر غەزەپ - نەپرەت، سىياسىي، مەدەنىي ئاڭ ئويغىتىش يولىدا ئىزدەنگەن. گۈزەللىك ئىشقىدا پەرۋانە بولغان شائىر ئۈچۈن سەتلىك، رەزىللىك ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرمەي مۇمكىن ئەمەس. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «ئاجايىپ بىر نەسىھەت»، «بەرمىسەڭمۇ بەرمە قىزىڭنى»، «ئاتىسىنى دورىغان بالا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلار ساتىرىك شېئىر بولۇپ، شائىر ئۇلاردا سەتلىك، رەزىللىكلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پاش قىلىپ، كىتابخانلاردا روشەن مۇھەببەت - نەپرەت سېزىمى ئويغىتىشقا ئىنتىلگەن. بۇنداق ساتىرىك شېئىرلارنىڭمۇ تەربىيىۋى رولى چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە، يەنى شائىرنىڭ تۇرمۇش ھەقىقىدىكى گۈزەل تەلەپ - ئارزۇسى ساتىرىك ئوبرازلارغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەندە ئۇنىڭ ئۆتۈملۈكلۈكى ساپ مەدھىيە تۈسىنى ئالغان، قۇرۇقتىن - قۇرۇق زورۇقۇپ يېزىلغان دىداكتىك نەسىھەت، تەمسىز مۇھاكىمىلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

«كاككۇك گۈلى» دىكى بىر قىسىم شېئىرلار تەبىئەت تېمىسىغا بېغىشلانغان. تەبىئەتمۇ ئىنساننىڭ بىر مەنىۋى ئانىسى. كىشىلەر شادلانغاندا، غەم - قايغۇغا چۆككەندە، ئۈمىدسىزلەنگەندە، غەيرەت - جاسارەتكە كەلگەندە ئەنە شۇ ئانا تەبىئەتنىڭ تۈمەن خىل رەڭدارلىقىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى تاپقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مەنىۋى ئالاقىسىدىن ئايرىلمىغان. بولۇپمۇ ئىنساننىڭ

ئەركىن تەپەككۇرى بوغۇلۇشقا يۈز تۇتقان مەزگىللەردە تېخىمۇ شۇنداق بولغان.

باھارنى ئۇلۇغلاش ھەممە شائىرلارغا ئورتاق تېما. بىراق شائىر مەھەممەتجان راشىدىننىڭ باھار تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرى يەنىلا ئۆزگىچە بەدىئىي دېتال ئۆزگە خاس ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدا خاسلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇستەقىل سەپ تۈزىدۇ. ئۇ باشقىلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىپ سىڭىشلىق بولۇپ، تەسىرلەندۈرۈش رولى ئاجىزلاپ كەتكەن دېتال ۋە ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئىشلەتمەستىن ئۆزگە خاس ئۇسلۇب بىلەن يول ئېچىپ ماڭغان. مەسىلەن: ئۇ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا باھارنى كاككۇكقا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. باھارنىڭ ياسىنىشىنى كاككۇكنىڭ مەست بولۇپ سايرىشى، كاككۇك گۈلىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، ئۆز تۇيغۇلىرى بىلەن باھار ۋە كاككۇك ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ ئايرىلماس مەنىۋى بىرلىك ھاسىل قىلىدۇ. كاككۇك ئۇنىڭ ئۈچۈن باھارنىڭ، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىشنىڭ سىماسى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا كاككۇك مانا شۇنداق گۈزەل، بىغۇبار غايە، ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ئورگانىك يوسۇندا بىرىكىپ، شائىرنىڭ يېڭى ھاياتىمىزغا بولغان چەكسىز قىزغىن مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلغان. شائىر مەخسۇس ھالدا «كاككۇك»، «كاككۇكۇم»، «كاككۇك گۈلى»، «كاككۇك» شېئىرلىرىنى مۇشۇ تېمىغا بېغىشلاپ، ھەربىر شېئىرىدا بىر تېمىغا قارىتا ئوخشىمىغان كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يېڭى ئىجادىي پىكىر، ئوخشىمىغان خاھىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەردە تەكرار ئەمەس، يېڭى تەسىرات، يېڭى تۇيغۇلارنى ئويغاتقان.

لىرىك شېئىر مەيلى تەبىئەتنى تەسۋىرلىسۇن، مەيلى باشقا ئوبيېكتلارنى تەسۋىرلىسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا شائىر ئۆزىنى

(ئادەمنى) ئىپادىلەيدۇ. شائىرلار بۇنداق شېئىرلاردا بىرەر تۇيغۇنىڭ ئىلھامى ئاستىدا قوزغىتىلغان ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ، ئۆزى ئىگىلىگەن شەيئىنىڭ ھېسسىي ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن بىللە، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق باشقىلار تېخى ئىپادىلەپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى شېئىرىي ئوبرازىنى يارىتىپ چىقىدۇ. «كاككۇك گۆلى» ناملىق شېئىر شائىرنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە ئىزدىنىشىدىن ھاسىل بولغان. شائىر كاككۇك گۆلىگە ئۆزىگە خاس فانتازىيىلىك ئوبراز بەخش ئېتىپ، توزدەك بېزەلگەن ۋەتەننىڭ يېڭى باھارىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، مېھرى - مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. ۋەتەنداشلارنىڭ ئېغىر قارا تۈنلەردە تەشنا بولۇپ كەلگەن غايىسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدىن قېن - قېنىغا پاتماي قالغان خوشاللىق - شادلىقىنى ئىزھار قىلىپ، گۈزەللىك، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن بىر تەن، بىر جان قىلىپ يۇغۇرۇپ، كىتابخاننى ئېستېتىك زوقنىڭ لەززەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن مەست قىلىپ تاشلايدۇ.

تولغىنىپ بىر ناز بىلەن ئويغىنىسەن،
ئۇسسۇلغا تاڭ شاملى سالار سېنى.
ئايلىناي قىز قېشىدەك ياپرىغىڭدىن،
ھەركۆڭۈل ئۆز يارىدەك سانار سېنى.
. . .    . . .    . . .    . . .
جۇدالىق دەردى بىلەن كەلگەن كاككۇك،
زەينەپنى جامالىڭدىن كۆرەر ئىكەن.
كۆۋەجەپ ھەسرەتلىرى دەريالاردەك،
كېتەلمەي سېنى ئەگىپ يۈرەر ئىكەن.

كىتابخان بۇنداق لىرىكىلار بىلەن ئۇچراشقىنىدا شائىرنىڭ قەلەم

ئىزى چۈشكەن دائىرىنى كېزىپ چىقىپلا توختاپ قالماستىن، شائىر تېخى سۆزلەپ بولمىغان فانتازىيىلىك تەكرار تەسەۋۋۇر ئىچىگە قەدەم تاشلاپ، قايتا ئىجاد قىلىش پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ھېسسىياتنىڭ جۇشقۇنلۇقلۇقى، تەسەۋۋۇرنىڭ ئەركىن پەرۋازى بىر سەزگۈدىن ئىككىنچىسىگە، بىر تۇيغۇدىن يەنە بىرسىگە يول ئېچىپ، ھېسسىياتمۇ، ئىدىيەمۇ، قايىللىقمۇ، بىزار بولۇشمۇ، قانائەت تېپىشمۇ، تەشنالىقمۇ، ھېجران قايغۇسىمۇ، ۋىسال شادلىقىمۇ بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان مەنىۋى ئالەمنىڭ مۇرەككەپ ۋە رەڭدار گارمونىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق شېئىرلار قايتا - قايتا ئوقۇلغاندىمۇ ھەر قېتىم يېڭى ھېس - تۇيغۇ، يېڭى پىكىر تەقدىم قىلىۋاتقاندەك، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئوقۇلغاندىمۇ، تېخى ئەمدىلا ئۇچرىتىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ، كىتابخانلاردا ھەمىشە قايتا ئوقۇش ئىستىكىنى ياندۇرۇپ تۇرىدۇ.

لىرىك شېئىر ساپ سوبيېكتىپلىقنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغاچقا ئىمكانقەدەر ئىخچام يېزىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا كىتابخاننىڭ زوقلىنىشىنى ئۇزۇن ۋاقىت چارچاتماي يۇقىرى ھاياجانلىنىش باسقۇچىدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولماي قالىدۇ. ئەگەر كىتابخان شېئىرنى ئوقۇپ بولغۇچە زېرىكىش ھېس قىلىدىغان دەرىجىگە ئۆتۈپ كەتسە، شېئىرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش ئۈنۈمى كېمىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا كىتابخاننىڭ قوزغالغان زوقلىنىشىنى مەلۇم مۇددەت بىر سەۋىيىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن يا ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ياكى بولمىسا، بىر تۇيغۇدىن ئىككىنچىسىگە، ئاندىن يەنە ئۈچىنچى تۇيغۇغا ئۆتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق بولغاندا شېئىر ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا مۇنداق قاتماللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شائىر ئۆز لىرىكىسىنى ئىمكانقەدەر قىسقا يېزىپ كىتابخاندا قوزغالغان

زوقلىنىشنى كولمىناتسىيىگە ئۆرلەش باسقۇچىدا توختىتىپ، داۋامىنى كىتابخانىنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ كېزىپ چىقىشىغا يول كۆرسىتىشى ۋە پۇرسەت قالدۇرۇشى كېرەك. ئەگەر شائىر ئۆزىدە قوزغالغان تەسىراتىنىڭ ئىپادىلىنىپ بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممىنى دەپ بېرىش يولىدا ئىزدىنىدىغان بولسا، بىرتەرەپتىن، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، كىتابخانىنى شائىر ئېچىپ بەرگەن خاھىشنىلا قوبۇل قىلغۇچى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان بولىدۇ.

(7) ياخشى يېزىلغان شېئىرلار كىتابخانلارنى قايتا - قايتا ئوقۇش ئىستىكى بىلەن ياندۇرۇپلا قالماستىن، قايتا ئىجاد قىلىش پائالىيىتىگە ئاتلاندۇرۇش ئىقتىدارى بىلەنمۇ باشقا شېئىرلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق شېئىرلار بىلەن ئۇچراشقان كىتابخان تېخىمۇ ياخشى زوقلىنىش، كەيپىياتىدا تۇرۇپ، شائىرنىڭ شېئىرىدىن شائىر مولجاللىغان ئۈنۈمدىن تېخىمۇ مول ئۈنۈم ئالالايدۇ. بىز لىرىك شېئىرلارنىڭ مۇشۇنداق قايىل قىلىش ئىقتىدارى بويىچە مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا شائىر مەھەممەتجان راشىدىنىنىڭ بەزى لىرىكىلىرىنى بىرئاز سوزۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇزۇن يېزىلغان شېئىرلاردىن كىتابخانىنىڭ ئالىدىغان ئۈنۈمى ھامان قىسقا بولىدۇ، ئىخچام شېئىرلاردىن ئالىدىغان ئۈنۈمىگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن ھەرقانداق شارائىتتا قىسقا يېزىش كېرەك، دېگەن ھۆكۈم كېلىپ چىقمايدۇ. ئەمما كۆپ ساندىكى شېئىرلارنى قىسقا، ئىخچام يېزىش لازىم، دېگەن پىكرىمىزدىنمۇ يېنىۋالمايمىز. چۈنكى بىزنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى. ئەگەر ئاپتور كىتابخانلىرىم تېخىمۇ كۆپ بولسا، ئەسىرىمدىن كىتابخان تېخىمۇ مول ئېستېتىك زوق ئالسا دەيدىغان ئۈمىدتىلا بولىدىكەن، ئۆز ئەسىرىنى ئىخچام يېزىش تەلىپىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

شائىر مەھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ھەققىدە ھېس قىلغان يەنە بىر پىكرىمىزنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر. ئۇ بولسىمۇ شېئىرلاردىكى پىكىرلىرىنىڭ كۆپرەك ئاشكارا بولغانلىقىدۇر. گەرچە شائىر بىزنىڭ كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت تەربىيىسى ئالمىغان كىتابخانلار بولغىنىدەك ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، پىكىرلىرىنى ئانچە يوشۇرماسلىق يولىدا كۆپرەك ئىزدىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، يەنە كىتابخانلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى سەنئەت زوقلىنىشىنى قاندۇرۇش نوقتىسىدا تۇرۇپمۇ ئىزدىنىدىغان ۋاقتى ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلدى. ئېنگېلس ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىغا تەلەپ قويغىنىدا «سەنئەت ئەسىرى ئۈچۈن تىندىنسىيە قانچە يوشۇرۇن ئىپادىلەنسە، شۇنچە ياخشى»[1] دەپ كۆرسەتكەنىدى. مۇشۇ نوقتىدىن مۇلاھىزە قىلغاندا، تۆۋەن سەۋىيىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، چۈشىنىشلىك بولۇش يولىدا ئىزدىنىۋېرىش، سەنئەت ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ يۇكسەك چوققىلارغا ئات سېلىشقا ئىمكان بەرمەيدىغان نىسپىي تۇرغۇنلۇقنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. 80- يىللاردىكى كىتابخانلىرىمىزنىڭ شېئىرغا قويىدىغان تەلىپى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بىزنىڭ شائىرلىرىمىز ئەتراپلىق ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ زېھنى كۈچىنى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى ئىجادىيەتتە يېڭىدىن-يېڭى ئۇنۇم ھاسىل قىلىشقا سەرپ قىلىشى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك چوققىلىرىغا ئات سېلىش يولىدا ئىزدىنىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ زامانغا لايىق يۇقىرى سەۋىيە بىلەن گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇشى لازىم.

---

① ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن: «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا» 1958- يىل خەنزۇچە نەشرى، 24-، 25- بەتلىرى.

# كۆرەشچان يىللارنىڭ شېرىن مېۋىسى

## شائىر كېۋىر نىيازنىڭ ئىجادىي
## پائالىيىتى توغرىسىدا

شائىر كېۋىر نىياز جامائەتچىلىككە تونۇلغان پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. شائىر بىر كىچىككىنە لىرىكىسىدا

ياز شېئىر شائىر!
لىرىكىلىق چەشمە تۆك.
چەشمىلەر گۈلزارىدىن،
بەھرى ئالسۇن يەر ۋە كۆك.
ياز شېئىر شائىر!
ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەككە چۆك.
غايىمىزنىڭ گۈل بېغىدىن ،
دىلغا شىپا شېرنە تۆك.

(شائىرنىڭ «يېڭىش تويغۇسى» ناملىق
توپلىمى، «پارچىلار» دىن)

دەپ ئۆزىگە خىتاب قىلىپ، يالقۇنلۇق مىسرالارنى تىزغىنىدەك، تا ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدىن ھازىرغىچە ئۆزلۈكسىز ھالدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، جەمئىيەتنىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتى يولىدا «دىلغا شىپا

شىرنە تۆكۇپ » كەلمەكتە. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى ئىنقىلاشقا توغرا كەلسە ئالدى بىلەن نامراتلىق تۇرمۇشىنىڭ دەستىدىن بوينىغا تەنزە ئىسىپ، تاڭگا ساتىدىغان ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى خىرىدارلارنى تۇۋلايدىغان:

زىما تاڭگا!
تىگشىمەن نانغا.
چايداپ باقسالڭ بىلسەن،
هۇزۇر بىرەر جانغا.

دىگەن قوشىقىنى تىلغا ئىلىشقا توغرا كىلىدۇ. چۈنكى ئۇ شائىرنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىدە ئۆتمۈشىنىڭ ئاچچىق خاتىرسىنى قالدۇرغان ئۇنتۇلماس گۇۋاھچىدۇر.

كىۋىر نىياز مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەندە شىئىرغا قىزىقىدۇ. تۇنجى قىتىم يازغان « مەكتىپىم » دىگەن شىئىرى مەكتەپ «تام گىزىتى» دە ئىلان قىلىنىدۇ. شائىر بۇ شىئىردا شارائىتىنىڭ يار بەرمىگەنلىكىگە قارىماستىن ئۆزى ھەۋەس قىلغان مەكتەپكە كىرگەنلىكىدىن چەكسىز شادلىقىقا چۆمگەنلىكىنى، مەكتەپكە بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە بولغان باللارچە قىزغىن ھەۋەسلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ.

سەندە ئوقۇپ مەكتىپىم،
مىنىڭ پىكرىم ئىچىلدى.
مەندىن تۇرلۇك خوشاللىق،
ھەر تەرەپكە چىچىلدى.

كېيىن بۇ شېئىرنى ئەنۋەر ناسىرى تەھرىرلەپ «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئۇستازىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىگە بولىدۇ. شائىرنىڭ بۇ ۋاقىتتا يازغان شېئىرلىرىدا ئۆسمۈرلۈك قەلبىدە ئويغانغان ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ساۋاتسىزلىق، نادانلىقنى تۈگىتىپ، دەۋرگە خاس يېڭىچە ئادەم بولۇش، دېگەن ئىدىيىلەر ئىپادىلىنىدۇ. كېيىنرەك ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشى، بىلىم - سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. ئۇنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرى بارلىق ئىنسانلار تەڭ باراۋەر تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يېڭى تۇرمۇش يارىتىپ، ئىلىم - پەن ئارقىلىق تۇرمۇشنى يېڭىلاپ، بەختىيار تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، دېگەن ئارزۇ - غايىلەر بىلەن قاناتلىنىدۇ. ئۇنىڭ «مەنمۇ سېغىنىدىم»، «ئوقۇ سىڭلىم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا مانا شۇنداق ئىدىيىلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

سىڭلىم ساڭا ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى پۇرسەت،
كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇ سىڭلىم ياش ۋاقتىڭدا.
ھەر مىنۇتنىڭ ئالتۇندىنمۇ بولۇر قىممەت،
بولۇر سېنىڭ بارلىق بىلىم تىرشقاندا.

... ... ... ... ...

ئوقۇمىساڭ، يە بىلمىسەڭ، شۇندا ئۆزۈڭ،
قېپقالىسەن شۇ قاراڭغۇ، نادانلىقتا.
نىمە بولسام پېشانەمدىن دەپلا يۈرسەڭ،
چىقالمايسەن ھېچ ۋاقىتتا راھەت باغقا.

دېمەك، شائىرنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئىجادىيىتى فېئوداللىق خۇراپاتلىق، نادانلىق، ھەممە ئىشنى تەقدىرگە باغلاپ قويىدىغان دىنىي

قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، زامانىۋى ئاڭ سەۋىيە، پەن ئارقىلىق تۇرمۇشنى يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىستەكلەر بىلەن تولۇپ تاشتى. كېيىن مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئاق تېررورلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇشى، خەلقئارا فاشىزم كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى شائىرنىڭ سىنىپىي ئېڭىنىڭ تېز ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە ئۇ سىنىپىي، مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بولغان فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماي تۇرۇپ، ئىلىم - پەن ئارقىلا تۇرمۇشنى يېڭىلاپ، ئەمگەكچى خەلققە ھەقىقىي بەخت - سائادەت بەخش ئېتىدىغان يېڭى جەمئىيەت قۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئازادلىق - ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىپ، خارلانغان ئىنسانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرىمىز، دەيدىغان كۈرەشچانلىق روھ ئەكس ئەتتى.

ئۇ «ئازادلىق ئۈچۈن» دېگەن شېئىرىدا:

ئازادلىق ئۈچۈن جەڭلەرگە كىردۇق،
گويا شۇڭقاردەك پەرۋاز قىپ ئۇچتۇق.
مەقسەت، غايىمىز يۈكسەك بولغاچقا،
بىزنىڭ بۇ كۈرەش دائىم ئوڭۇشلۇق.

دەپ خىتاب قىلىپ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ كۈرىشىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى زور ئىشەنچ بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، غۇلجىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىنكى يىللار شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە مول ھوسۇل ئالغان يىللىرى بولدى. بۇ دەۋردە ئۇ خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ئىجتىھات ۋە ئىلھام بىلەن ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە تېما دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللاشقانلىقى، پىكىر - خاھىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، قان كېچىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانە روھىنى مەدھىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالدىمىزدىكى كۈرەشنىڭ مۇساپىسى يەنىمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئاشۇ كۈرەش ئۈچۈن تۇرگەن يەڭلەرنى چۈشۈرمەي، خەلقىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلدى. «بىزنىڭ جەڭچى»، «ئالدىمىزدا تېخى»، «قەلەم ساداسى»، «مەنزىلگە ماڭ»، «بەختىڭگە مەن خەت پۈتەي» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرىنى شائىر ئەنە شۇنداق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە بېغىشلىدى. ئۇ «ئالدىمىزدا تېخى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

مانا كۈرەشنىڭ ئۇلۇغ قەدىمى،
يېڭىشتىن يەكۈن ياسىدى.
ھەممە بىردەك،
يېنىپ ئوتتەك،
ئازادلىق يولىدا
دادىل ئاتلىدى.
ئەنە بىز ماڭغان كوچىلار،

چىرايلىق گۈللەرگە پۈركەنگەن.
جانلىقلارمۇ يەنە،
شادلىقتىن نۇر ئەمگەن.
چۈشۈرمىدۇق يەڭنى.
ھەم چۈشۈرمەيمىز،
ھازىر كۈرەش پۈتمىدى،
كۈرەشنىڭ چوڭى
ئالدىمىزدا تېخى.

شائىر «قەلەم ساداسى» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق كىملەرنى ئويغىتىشتەك شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئاق قەغەز مەيدانىم،
ئاتلاندىم كۈرەشكە.
ھەر خېتىم بىر بومبا،
دۈشمەننى ئۆرتەشكە.

بىر تېمىم سىيايىم.
بىر تامچە قىزىل قان،
ماغدىرسىز ھاياتقا.
بېغىشلار كۈچ ۋە جان.

ئۇنىڭ «مەنزىلگە ماڭ» شېئىرى كۈرەشنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسلارنى بىر قەدەر كۈچلۈك مەنتىقى كۈچ ۋە پەلسەپىۋى ئاساستا ئىپادىلەپ بەرگەن، بەدىئىي جەھەتتىنمۇ مۇكەممەل بولغان تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە شېئىرلىرىدىن بىرى. شائىر ئۇنىڭدا كۈرەش قىلىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئېگىز

داۋان ، خەتەرلىك غارلاردىن ئۆتۈپ، تېخى مەھكۇملۇكتە تۇرۇۋاتقان ئېزىلگەن خەلقنى ئويغىتىپ ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى دىر-دىر تىترىتىپ، قۇربانلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاخىرقى مەنزىلگە، ھەقىقىي ئازادلىق تېڭىنى ئاتقۇزۇشقا قاراپ باتۇرلارچە ئالغا بېسىشقا چاقىرىدۇ.

يوللىرىڭدا داۋانلار بار، قورقۇنچلۇق غارلارمۇ بار،
پەرۋاز قىلىپ، سېنى قوتلاپ، قانات قاقىقان قۇشلارمۇ بار.
چىن ئۈمىدلىك سالام يوللا، خەۋەر تاپسۇن سەندىن شۇ يار،
قورقۇنچقا پىسەنت قىلماي گويا شىردەك مەنزىلگە ماڭ.

. . .          . . .          . . .

كۆلمۆگۈنچە ئازاب تارتقان خەلقىڭ تامام شاد ياسىنىپ،
يەشمە بەلدىن ئۇ كۆرەشنىڭ كەمىرىنى يولدىن قېلىپ.
مىن كۆرەشنىڭ تۇلپارىغا ياۋ بېشىنى كەسكىن چېپىپ،
مېھنىتىڭدىن بەھرى ئالسۇن خەلقىڭ ئاخىر مەنزىلگە ماڭ!

شائىرنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئىجادىيىتىدە ھەقىقىي ئازاد، بەختىيار تۇرمۇش يارىتىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىش، لېنىن يولى بىلەن مېڭىپ سىنىپىي ئازادلىقنى ئۆزۈل-كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، دېگەن خاھىشلار چاقناپ تۇرىدۇ.

ئەل بەختى ئۈچۈن لېنىن سالدى ئات،
يوقالدى زۇلمەت، كەلدى ھۆر ھايات.
كىشى-كىشىگە قۇل بولۇش يوق، دەپ،
ئۆگەتكەن بىزگە ئاشۇ ئۇلۇغ زات.
(«لېنىن» دىن)

شائىر بۇ خىل شېئىرلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گەرچە

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئازادلىق يولىدا ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، شائىر ئۇنىڭغا تېخى قانائەت قىلمىغانلىقىنى، پەقەت لېنىن يولى، لېنىن يۇرتىدىن ئۈلگە ئېلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرغاندىلا ھەقىقىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئاشۇ دەۋردىلا ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ «تۇرۇلگەن يەڭ چۈشمىسۇن»، «ئۆسۈش»، «تاڭ شاملى»، «يېڭىش تويغۇسى»، «كۈرەش ساداسى»، «سىڭىل ئويغان» قاتارلىق خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا تېخىلا زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا تۇنجۇقۇپ تۇرۇۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنى ئويغىتىش، ئۇلارنى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇپ، بالدۇرراق ئازادلىق تېڭىنى ئاتقۇزۇش يوقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىرىق قىلىدۇ.

شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىن قارىغاندا، باشتىن - ئاياغ بىر مۇستەھكەم غول تارتىلغان، ئۇ بولسىمۇ «كۈرەش» تېمىسىدۇر. كۈرەش بىلەن خەلقنى ئويغىتىش، كۈرەش بىلەن غەلىبىنى قولغا ئېلىش، كۈرەش بىلەن ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ، ھەقىقىي بەختلىك، ئازاد جەمئىيەت قۇرۇش دەيدىغان ئىدىيىلەر مەركەزلىك ئورۇن ئالغان. بۇ دەۋرلەردە شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەنۋەر ناسىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نۇر بوساقوپ، نىم شېھىت قاتارلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «كۈرەش» تېمىسىنى ئەڭ مەركىزىي ئورۇنغا قويغىنىدەك، كۈرەشچان دەۋرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر كېۋىر نىيازنىڭ ئىجادىيىتىمۇ بۇ تېما ئالاھىدە سالماق

ئۇرۇننى ئىگىلىدى. ئۇ خۇددى لوتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش كۈرەشنىڭ قايناملىرىدا غولاچ تاشلاپ، قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە كۈرەشكە تەشنالىقى قانمىغان يالقۇنلۇق بىر جەڭچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ قەلىمى كۈرەش ئىلھاملىرى بىلەن قاناتلىنىپ، گاھ ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ ، قۇربان بېرىپ كۈرىشىۋاتقان جەڭچىلەر بىلەن ئاكوپلاردا بىللە بولدى؛ گاھ، ئارقا سەپتە ئىنقىلابىي كۈرەشكە مۇستەھكەم ئارقا تىرەك بولۇپ، ئېغىر مېھنەتلەرنى، جاپالىق خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر بىلەن بىللە بولدى؛ گاھ، ئازادلىققا تەشنا بولۇپ، تېخى زۇلۇمدىن قۇتۇلالمايۋاتقان كىشىلەرنى تويغىتىش، ئۇلارنى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولدى. ئومۇمەن «كۈرەش» ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسىي تېما بولدى.

زۇلۇمنى كۆتۈرمەي خەلقنىڭ ئۈستىدىن،
«ئادالەت» سۆزىنى باشلىماق بىھاجەت.
كۈرەش قىلىنسا بۇ ھەقتە بىر سائەت،
ھەركىمگە بولۇر ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ سائادەت.
(«بەخت ئارزۇسى» دىن)

خۇددى مۇشۇ بىر شېئىرىدا ئېيتىلغىنىدەك ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا «كۈرەش» تېمىسى ئەنە شۇنداق جۇشقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئۆز تەقدىرىنى خەلق تەقدىرى بىلەن ھەمىشە ھەم باغلاش، خەلقنىڭ مۇڭ. زارىغا، ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ئورتاق بولۇپ ئۇنىڭ يىغلىغىنىغا يىغلاپ، كۈلگىنىگە كۈلۈش، ئەمگەكتە، كۈرەشتە ئۇنىڭ

بىلەن بىللە بولۇش، باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن يەنە بىر يارقىن ئىدىيىۋى مەزمۇندۇر.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭغا قارشى مىللىي، بىرلىك سەپنىڭ ئىتتىپاقلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئومۇمىي مەنىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن خاھىشلار ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرىدە، سىنىپىي ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، فېئوداللىق مۇستەبىتلىكنى ئۆزۈل - كېسىل يوقىتىپ، ئەمگەكچى خەلققە ھەقىقىي ئازادلىق - ئەركىنلىك بەخش ئېتىلىدىغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇسى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئارزۇسى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەلگە ئېشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن كومپارتىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، يېڭى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئادىل سىياسەتلىرىنى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى كۆرەش سەھىپىلىرىنىتولۇپ- تاشقان ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن ئەكىس ئەتتۇردى. ئازادلىق ئارمىيىگە تەشەككۇر ئىزھار قىلىش، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكى، ئازاد ئەمگەكنىڭ شەرەپلىكلىكى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئەجىر قىلىپ ئىشلەيدىغان زامانىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن كۈيلىدى.

«يېڭىشتىن سادا»، «گۈلدەك ئېچىلدى»، «بېجىڭىم»، «ئۆگەن» قاتارلىق شېئىرلىرى، «مەمەت چورۇق» قاتارلىق داستانلىرى مانا شۇنداق ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشكە بېغىشلاندى.

ئۇ بۇ شېئىرلىرىدا:

ئەل بولدى ئازاد، يوقالدى پەرياد،
بىز ئۇلۇغ ئىستەك يولىدا پەرھاد.
بۇگۈن شادلىقتىن قويۇلدى بىزگە،
دۈشمەننى يەڭگەن، دېگەن ئۇلۇغ ئات.
( « غەلىبە ناخشىسى » دىن )

دەپ جاراڭلىق، ئىپتىخارلىق سادالىرىنى ياڭراتتى.

شائىر ئىجادىيىتىدە مەركەزلىك ئورۇن ئالغان يەنە بىر ئىدىيىۋى مەزمۇن يېڭى جەمئىيەتتىكى خوتۇن-قىزلارنىڭ يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ئورۇن، يېڭىچە مۇھەببەت، يېڭى كۈرەش سەھىپىلىرىگە قەدەم قويغانلىقىنى موبارەكلەش، ئۇلارغا مەدەت، ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ « كېلىنچەك »، « مايسىگۈل »، « ئازادگۈلنىڭ شادلىقى »، « ئىلى دەرياسى » قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئاياللارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى يالقۇنلۇق ھېس-ھاياجىنى بىلەن كۈيلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە « ئىلى دەرياسى » شېئىرى شائىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان، ئازاد، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى يۈكسەك ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر شېئىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شېئىردا شائىر ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى خىل جەمئىيەتتىكى ئىككى خىل تەقدىرىنى ئوبرازلىق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى

چەكسىز ئىپتىخارلىق ، بالقۇنلۇق ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شائىر ئىلى دەرياسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلارغا شاھىت بولغان تارىخىي ئۆتمۈشىنى:

ئېغىر تۇرمۇشتا ئون ئۈچ مىللەت تەڭ،<br>
شۇ دەريا بىلەن مۇڭداشقىنى راست.<br>
سۇنىڭ دولقۇنى ئەمگەكچىلەرنىڭ،<br>
غەزىپى بىلەن سىرداشقىنى راست.

دەپ بايان قىلسا، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىككى قىرغىقىدىن كۆلكە سادالىرى كەتمەيدىغان قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەپ:

بوگون باشقىچە ئاقىدۇ دەريا،<br>
مەدھىيە ئوقۇپ ئازاد زامانغا.<br>
سۆزلەردىن جەۋھەر تۆكۈپ ئۆركەشلەپ،<br>
ئالقىش ئىيتماقتا ئۇلۇغ داھىغا.

دەيدۇ.

شائىر كېۋىر نىيازنىڭ 50 - يىللار ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر ۋە تاتار تىللىرىدا ئىككى شېئىرلار توپلىمى، 82 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن « يېڭىش تۇيغۇسى » ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. شائىر ھازىرمۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئىزچىل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

1986 - يىل 9 - ئاي، غۇلجا.

# مۇۋەپپەقىيەت ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ

«خەير- خوش توققۇز كۈنلۈك ماكان »
ناملىق ھېكايە توغرىسىدا

بىر ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان - چىقمىغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە بولغاندا ئەڭ ئاۋۋال ئۇ ئەسەرنىڭ بۈگۈنكى «تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرىنى» دەل جايىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، دەۋر كىشىلەر ئالدىغا قويغان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرەلىگەن، بېرەلمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەنبەئى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بولۇشى كېرەك، دېگىنىمىزدىمۇ يازغۇچىلار تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ، تېما تاللاپ، تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئەسىرىدە رېئاللىقا ئاساسەن خاراكتېرلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ تۇرمۇشنى چۈشىنىش، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى مۇشۇنداق مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىدا ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىش ئۈستىدە تۇرماقتا.

. ئىسلاھاتتىن ئىبارەت يېڭى تۇرمۇش شارائىتى كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تەشنالىقىغا ئوزۇق بولالايدىغان مانا شۇنداق ئەسەرلەرگە

ئېھتىياجلىق، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئەخەت تۇردىنىڭ «تارىم» ژورنىلىنىڭ 88 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «خەير - خوش توققۇز كۈنلۈك ماكان» ناملىق ھېكايىسى بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تازا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا پەيدىنپەي ئىچكىرىلەپ كىرىشتەك يېڭى تېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىدىن ئىبارەت ئۆتكۈر سىياسىي خاھىشنى بىر قەدەر كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان ياخشى ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش ھەققىدە قۇرۇقتىن - قۇرۇق گەپ ساتماي، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلىلەرنى يەنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ھەم پارتىيىنىڭ ئىستىلى، ئىنتىزامىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زىل ، ئىنچىكە مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كىتابخانلارنى بۇ خىل مەسىلىلەرگە قارىتا ۋاقتىدا ئىنكاس بىلدۈرۈشكە يېتەكلىگەن.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت دۆلەت ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، ھەرگىزمۇ ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ خالىغانچە پايدا - مەنپەئەتكە ئىگە بولۇۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئەمەس، شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە ئىستىلىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى ياخشىلاپ، خەلقنىڭ ئىسلاھات بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى ئاكتىپ تۈردە جارى قىلىش كېرەك. بىراق جەمئىيەت كەيپىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق قىسمەن رەھبىرىي كادىرلار ئىسلاھاتنىڭ بۇ خىل سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇلاردا تۆرىچىلىك، ئىمتىياز ۋە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك ناتوغرا ئىستىللار بىر

قەدەر ئېغىر ھالدا ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇ خىل ئەھۋاللار ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلەنمەستىن ئىسلاھاتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. «خەير، خوش نوقۇز كۆڭۈللۈك ماكان» ناملىق ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە يۇقىرىدا بىز مۇلاھىزە قىلغان مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ھېكايىدە خىزمەتنى ئادىللىق بىلەن ئىشلىگىنى ئۈچۈن يۇرتىدە «قايغۇ - ئەلەمنىڭ ئاچچىق خاتىرىسى قىلىپ»، «دۆڭگە يېقىتىلغان» رەھبىرىي كادىر «مەن» نىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

«مەن» ئۆز ئىقتىدارى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپ، بۇرادەرلىرىنىڭ ئەنسىرەشلىرىگە قارىماستىن يېڭى خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بارىدۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن «بىر پارچە لوق گۆش» دەپ ئاتالغان مېھمانخانىنىڭ مەزمۇنىنى دادىل ياخشىلاپ، ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئىرادىسى بىلەن ئىشقا كىرىشىدۇ. بىراق، تۇرمۇش مۇرەككەپ، رېئال مۇناسىۋەتلەر سىرلىقتۇر، رېئاللىقتىكى ئەھۋاللار «مەن» نىڭ ئەقىدىلىرىدىكى ئۇنداق ساغلام ۋە پاك بولماي چىقىدۇ. ئۇنىڭ «كىتابتىن ئالغان بىلىملىرى» بىلەن «ئۇنىڭ سىرتىدىكى ھايات سىرلىرى» ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر ئۇنى نەمتىرىتىپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە ئۇ يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى كىمگە، نېمىگە تايىنىپ قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

يازغۇچى «مەن» نىڭ پائالىيەتلىرىنى تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر تەرىپىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ھادىسىلەر ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىر قەدەر چىن ھەم جانلىق قىلىپ يارىتىپ چىققان. «مەن» بىر تەرەپتىن ئىسلاھاتنى

ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئىرادىسى بىلەن پايدىسىز شارائىتنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ گەۋدىسىنى گېگانت ئادەمدەك تىك تۇتۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كۈچ سېلىشتۇرمىسى زور بولغان بېسىم ۋە توسالغۇ ئالدىدا يېتىم بالىدەك تەمتىرەپ، ئىقتىدارىنى جارى قىلالمايدۇ. قىسقىسى، « مەن » ھەق - ناھەق، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ئۈمىدلىنىدۇ، ئىرادىگە كېلىدۇ، شۇنداقلا، ھەسرەتلىنىدۇ، تەمتىرەيدۇ، غەزەپلىنىدۇ، چارىسىز قالىدۇ، نەتىجىدە ئۇ كۆز ئالدىمىزدا تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكىدەك مۇرەككەپ ھېسسىياتقا ئىگە، جانلىق ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. « مەن » دۇچ كەلگەن ئىشلار دەل بىزنىڭ ئارىمىزدا ھايات ياشاۋاتقان بىرقىسىم ئىسلاھاتچىلار دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مۇناسىۋەتلەردۇر. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، ئوخشىمىغان خاركتېرگە ئىگە پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىنى بىر ئورۇن، بىر مەسىلىگە مەزكەزلەشتۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى « نېمە قىلىۋاتقانلىقى » بىلەنلا ئەمەس، « قانداق قىلىۋاتقانلىقى » بىلەن ئېچىپ بەرگەن.

« مەن »، لاۋلىياك قاتارلىق ئىجابى پېرسوناژلار بىلەن « ئىككى باشلىق » ۋە كونا جىڭلى قاتارلىق سەلبى پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى خاراكتېر توقۇنۇشى ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى ئادەتلىنىپ كەتكەن « پائالىيەت ئۇسۇلى » ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىلگەن. كونا جىڭلىنىڭ ئۆسۇشى ئوخشاشلا بىر يۆنىلىشتىكى يۇقىرى ئۆرلەش. ئەمما، پېرسوناژلارنىڭ مۇشۇ بىر مەسىلىگە بولغان « پوزىتسىيىسى » بىلەن « ئۇسۇلى » پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. « ئادەمنىڭ رېئاللىققا تۇتقان بىر قەدەر تۇراقلىشىپ قالغان پوزىتسىيىسى » بىلەن « ئادەتلەنگەن پائالىيەت ئۇسۇلى » دىن ئىبارەت ئىككى شەرت ئادەم خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقىنى

بەلگىلەيدىغان ئىككى ئامىلدۇر. يازغۇچى ئۆز قەھرىمانلىرىنى مانا شۇ ئىككى تەرەپتىن كونكرېت سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خاراكتېر توقۇنۇشىنى چىن ۋە جانلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە كادىرلارنىڭ ئىشقا قويۇلۇشىدا پارتىيىنىڭ پرىنسىپ، قائىدە - تۈزۈملىرى ئۆلچەم قىلىنماستىن، ئىشقا قويغۇچىلارنىڭ «كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئىشلەش، ئىشلىيەلمەسلىكى» ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنىدىغان، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىنتىزامى قاتارلىق پرىنسىپلار چۆرۈۋېتىلىپ، يالىڭاچ ھالدا مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خاھىشلار ھېلىمۇ مەۋجۇت، دېگەن پىكىرنى كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان.

پاھ! ئىسلاھات قانات يېيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق سىرلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ رېئال پاكىت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا تەكرارلىنىپ تۇرۇشى نېمدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال - ھە؟! «مەن» نى ئويلاندۇرغان، ئازابلىغان، غەزەپلەندۇرگەن، كۆرەشكە ئاتلاندۇرغان، ھەسرەتكە سالغان دەل مۇشۇ «بېشىدا تاجىسى بار»، «ئوغاق بولقىلىق قىزىل تامغا» نى خالىغانچە ئىشقا سېلىپ، پارتىيىنىڭ نوپۇزىنى تۆكۈۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتلەردۇر.

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە ئىسلاھاتچىنى يازغان، لېكىن ئۇنى ئىشنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يوللار بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلگەن ئۆلچەملەر بويىچە ئاسانلا غەلىبە قىلىدىغان قىلىپ قويمىغان، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى سىياسەتلەرنى توقۇنۇشسىز ھالدا ئىجرا قىلىپ، چەكلىمىسىز ھالدا ھەممە ئىشتا يازغۇچىنىڭ غايىسىدەك بولۇپ چىقىدىغان «دەۋر روھىنىڭ نوقۇل كارنىيى» غا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان.

ھېكايە تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن « ۋەقە » دېتالىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، قەدەممۇقەدەم كېڭەيىپ، يېڭى جىڭلىنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلىقى ئۇچۇن دەرھال « ئۆستۈرۈلۈشى » دەك يەكۈن بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەسلىدە « يۇقىرىدىكىلەر » نىڭ « كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئىشلىمىگەن » لىكى ئۈچۈن ھەر قەدەمدە چۈشۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرغان يېڭى جىڭلىنىڭ بىردىنلا ئۆستۈرۈلگەنلىكى كىتابخانلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، ئۇلارنى مۇشۇ خىل يېشىمنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان خاھىش ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ ، ئىزدىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. . . . . .

« ئۇلار » ئۆزلىرى ياقتۇرغاننى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تورىنى كېڭەيتىپ، ئىمتىيازلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ھەتتا ئۆزلىرى ياقتۇرمىغاننىمۇ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇش ئېقتىدارىغا ئىگە شەخسنىڭ ئاغزىنى نام - مەرتىۋە، مائاش بىلەن پېچەتلەپ تاشلايدۇ، ياكى بولمىسا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي رولىنى جارى قىلالمايدىغان ئورۇنغا چىقىرىۋېتىپ، « ئۆز كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئىشلەپ » بېرەلمىگەنلىكىدىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئالىدۇ. مانا بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن « دۆڭگە يىقىتىش » دەپ ئاتالغان ئالاھىدە پائالىيەتتۇر.

يازغۇچى ھېكايىسىدە يەنە بىر خاھىشنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالغان بىر قىسىم كادىرلارنىڭ قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان پەۋقۇلئاددە « ئەركىنلىكى » دۇر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە « قانۇن - تۈزۈملەر ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر » دېگەن سىزانلارنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق. ئەگەر بۇ داۋلىلارنى ئۇلارمۇ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي تەشەببۇس قىلىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىنى پەردازلاپ، تۆۋەندىكى ئاممىنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈنلا

تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەگەر بۇ داۋلىلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىگە توقۇنۇشىدىغان بولسا، ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەيلا مىجىپ تاشلايدۇ. ھېكايىدىكى « ۋەقە » دەل مۇشۇنداق « مىزانلار » بىلەن مۇستەھكەملەنگەن فېئوداللىق تۆرىچىلىككە پەسەنت قىلمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. مۇشۇ بىر ئاددىي پاكىتنىڭ ئۆزىلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكىنىلا ئەمەس، بەلكى تەخىرسىزلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز زادى ئىسلاھات ئېلىپ بارامدۇق - يوق؟! كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدە بۇ مەسىلە ئاللىقاچان ئېنىقلىنىپ بولۇندى. بىراق ئىسلاھات توسالغۇلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى - ھەقىقىي ئىسلاھاتچى بىلەن يالغان ئىسلاھاتچىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ سىناق تېشى. ئېغىزدا ئىسلاھاتنى شوئار قىلىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلاھاتقا توسقۇن، پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە بىز زادى قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم؟ يازغۇچى كىتابخانلار ئالدىغا قويغان تۈپ مەسىلە، بۈگۈنكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى كىشىلەر ئالدىغا قويغان مەسىلە ئەنە شۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا « خەير - خوش توققۇز كۆنلۈك ماكان » ھېكايىسى بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدا بىز باشتىن كەچۈرۈۋاتقان رېئال مۇناسىۋەتلەرنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، كىشىلەر تازا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن ياخشى ھېكايە. مەن ئەخەت تۇردىنىڭ مۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات روھىنى يەنىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش يولىدا ئىزدىنىشىنى، كىتابخانلارنىڭ مېنىڭ مۇلاھىزىلىرىمنىڭ بىھۇدە كۆپتۇرۇش، چۆكۈرۈشتەك نۇقسانلىرى بولسا، تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1988 - يىلى 24 - ماي، غۇلجا.

# تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەملەر

### يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ كېيىنكى ھېكايىلىرى توغرىسىدا

ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىدا يىلتىز تارتىپ، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق قايتا ئاشۇ رېئاللىققا نۇر چاچالىغاندىلا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلىپ، كىتابخانلاردا قىزغىن ئېستېتىك زوق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇناسىپ ئەكس سادا پەيدا قىلالايدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىلى 10 - سانىدىن باشلاپ ئارقا ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان «ساراڭ»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «مۇساپىرلار قاۋىقى» دا»، «قىرلىق ئىستاكان» قاتارلىق ھېكايىلىرى كەڭ كىتابخانلار ۋۇجۇدىدا ئەنە شۇنداق يېڭى ئەكس سادا پەيدا قىلغان ياخشى ئەسەرلەردۇر. كىتابخانلار بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھەر خىل سورۇنلاردا ئۆز ئارا مۇھاكىمە قىلىشىپ، ئاپتورنىڭ يېڭى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، ھېكايىلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىگە مەھلىيا بولۇشماقتا. پېرسوناژلارنىڭ قىزىق ۋە غەلىتە كەچۈرمىشلىرىدىن ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشۈپ، ئاپتورنىڭ ۋەقەلىك ھەم پېرسوناژلار خاراكتېرىگە سىڭدۈرگەن ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرىدىن بەھىر ئېلىشماقتا.

ئاپتور بۇ ھېكايىلىرىدە سەكسىنىنچى يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ جەمئىيىتىمىزدە ۋۇجۇدقا چىققان چوڭ - چوڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، ئىسلاھات ئېلىپ بىرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان قەھرىمانلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئادەتتىكىچە بولغان ئۇششاق - چۈششەك سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئېستېتىك زوق بېرىش ئىقتىدارى جەھەتتىن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، دەپ باھالىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇ ھېكايىلەرگە مەپتۇن بولغان نۇرغۇنلىغان كىتابخانلار ئۇلارنىڭ داۋامىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان بولسا، ئەكسىچە بەزى كىشىلەر بۇ ھېكايىلەردىن ئۆز قىياپەت، خاراكتېرلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈشتى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىزمۇ يازغۇچىنىڭ ساتىرىك كۈلكىسى ئاستىدىكى مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالارمىزمۇ، دەيدىغان ئەنسىرەش ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ھېكايىلەر « ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش » ھەققىدە ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ، « ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش » جەريانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان پوزىتسىيە، ئوخشىمىغان ئىش-ھەرىكەت، ئوخشىمىغان روھىي ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋر روھىنى كۆرۈنەرلىك گەۋدىلەندۈرگەن.

ئاپتورنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، قاناتلانغان تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، دادىل توقۇلما قىلىش ئارقىلىق بىر سەنئەتكارغا خاس دىت ۋە ماھارەت بىلەن كىشىلەرنى زوقلاندۇرۇپ مەپتۇن قىلىدىغان سىرلىق ۋە كومېدىيىلىك يېڭى بىر

دۇنيا يارىتىپ چىققان.

«تەسەۋۋۇر ۋە توقۇلما» پىروزا ئىجادكارلىرى ئۈچۈن يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى بولغان ئىجادىي ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پىروزا ئىجادكارلىرى بۇخىل ئىقتىدارنى تولۇق ھازىرلىمىغان بولسا، ئۇھالدا ئۇ يازغان ۋە يېزىۋاتقان تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىجتىمائىي جەھەتتىن قانچىلىك پەۋقۇلئاددە ۋە قىممەتلىك بولۇشىغا قارىماستىن كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، مەپتۇن قىلىدىغان ئىككىنچى رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ئىقتىدارى ئۇنىڭ قانداق ۋەقەنى تاللىيالىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى چىنلىققا ئاساسلىنىپ قانداق توقۇلما قىلالىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ بىرتۈركۈم ھېكايىلىرىنىڭ بىزنى گۈزەللىككە مەھلىيا قىلىپ، كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقىپ كەتكۈدەك كۈلكە پەيدا قىلغان قىزىقارلىق سۈژېتلىرى ئەنە شۇنداق سېھرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

«ساراڭ» ھېكايىسىدىكى «مەن» نىڭ كۈتۈلمىگەن بىر تاسادىپىلىق نەتىجىسىدە ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلىرى مانا شۇنداق توقۇلما قىلىنغان. يېڭى دەۋردىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ «پۇل». «مەنپەئەت» كە بولغان ھېرسىمەنلىكى ئۇلار ئادەتلەنگەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق، سەمىمىيەت، ساداقەت، دىيانەت دېگەنگە ئوخشاش ئەقىدىلەرنى بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان نەپسانىيەتچىلىك خاھىشلىرىنى بىراقلا ئېچىپ تاشلىدى. ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن تېخى قول ئۈزمىگەن «مەن» يېڭى شارائىتتىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە يۈز بەرگەن بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە يېتىشەلمەي بىر مۇنچە كاشىلىلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قېلىپلاشتۇرغان

قاراش، ئادەتلىرى بويىچە باشقىلار بىلەن غەرەزسىز ھالدا (تۈپتۈزلا) مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا ھېلىقى كىشىلەر تەرىپىدىن «ساراڭ» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. شۇتۇپەيلى «مەن» ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ، باشقىلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنى راستىلا «ساراڭ» دەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. ياخشى خىسلەتلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يوقىلىشقا يۈزلىنىشى سەمەتىنىڭ ھارام پۇل بىلەن بېيىش خوشاللىقى ئىچىدە تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. . . . بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى شارائىتىمىزدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىلا ئەمەس، سىياسى، قانۇنى، مەنىۋى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭمۇ زۆرۈرلۈكى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا كېلىپ چىققان ئۆتكۈر ئەمەلىي زىددىيەتلەرنى سىياسىي تۈزۈلمە، قانۇنىي تۈزۈلمە ۋە ئەخلاقىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ بېرىلىدۇ.

«بۇرۇت ماجىراسى» ئەسلىدە دەۋر ئېقىمىدىن سىرتتا قالغان نامرات ئاڭ - سېزىم، قېتىپ قالغان، دوگما سىياسىي قاراشنىڭ مەھسۇلى. «بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاش» ئارقىلىق جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى ئېنىقلاش ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ھېچكىممۇ گۇمانلانماس ئىدى. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ شەكىلسىز مەينەتچىلىكلىرى پۈتۈنلەي تازىلىنىپ كەتمىگەچكە، ئۇلار بىرەر جىددىي ئىشقا دۇچ كەلگەن ھامان ئۆزلىرى ئادەتلىنىپ كەتكەن فېئودال مۇستەبىتچىلىك ئەۋج ئالغان ئاشۇ دەۋردىكى رەزىل ۋاستىلەرنى ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا پەرقسىز قوللىنىپ، ھەرخىل ھەرىكەتلەردە تولا تاياق يەپ، يۈرەكئالدى بولۇپ گاڭگىراپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قايتا ۋەھىمە قوزغايدۇ.

سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىمىز يېڭىلىنىپ، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش يولغا قويۇلۇۋاتقان، تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قانۇن - تۈزۈملەر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى تارىخىي شارائىتتا بۇرۇتىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش بىلەن ئەنزىگە چېتىلىپ قېلىشتىن خالى بولۇش ئىستىكى قانچىلىك كۈلكىلىك بولسا، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى پەرق قىلماي، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي بەلگىلىرىگە قاراپ جىنايەت ئىز- دېرىكىنى تېپىش ئۈچۈن «بۇرۇتى بارلارنى تىزىملاش» مۇ شۇنچىلىك كۈلكىلىكتۇر. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە ئۆتكۈر كومېدىيىلىك كۈلكە ۋە ئاچچىق مەسخىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى كومېدىيىلىك تەپسىلاتلار چىنلىقىدىن ئۆتكۈر ھەجۋىيلىككە ئىگە ئىدىيىۋى يەكۈن چىقىرىدۇ.

«بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ ئاساسىي خاھىشىنى توغرا يەكۈنلەش ئۈچۈن بازار باشلىقىنىڭ خاراكتېرىنى توغرا ۋە دەل يېشىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بازار باشلىقى قانداق ئادەم؟ ئۇنىڭ كاللىسى قېتىپ قالغان دىنى ئەقىدىلەردەك ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن سىياسىي قاتماللىق بىلەن تولغان. ئۇ يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەرنى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى»، «ئىدىيىۋى ئازادلىق» قاتارلىق سىياسىي - پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزدىكى يۈكسەك بۇرۇلۇشنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ كۈندە دېگۈدەك پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ماجىراغا تارىخىي ھەم سىياسىي تۈس بېرىپ، فېئوداللىق ئۆكتەملىك بىلەن تېرە تاراقشىتىپ ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ. بازارنىمۇ، ئادەملەرنىمۇ خالىغانچە سۆكۈپ - تۇقۇپ، ئۆز ئىرادىسىگە مۇۋاپىق بىر ئەندىزىگە سالماقچى بولىدۇ. يازغۇچى بۇ

پېرسوناژ ئارقىلىق شۇنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشتەك ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەردىن جاھىللىق بىلەن پاناھلىنىپ، كۈچ كۆرسىتىۋاتقان مۇشۇنداق غەلىتە روھى ھالەت، غەلىتە قىلىقلارنى جەزمەن ئۆزگەرتىپ، كىشىلەر ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىشى لازىم. بۇ، دەل سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە قانۇنىي تۈزۈم ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دېمەكچى.

مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەسەرلەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەت تەڭ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىرىنچىدىن؛ ئىلغار ئىدىيىۋى تىندىنسىيە كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، ئىككىنچىدىن؛ ئىدىيىۋى تىندىنسىيە ( خاھىش ) مۇقەررەر ھالدا ۋەقەلىك ھەم پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىچىگە كىتابخانلارنى ئويلاندۇرۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ، يەكۈن چىقارغۇدەك قىلىپ چوڭقۇر يوشۇرۇلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئېستېتىك قىممىتى دەل مۇشۇ ئىككى خىسلەت ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدۇ.

پېرسوناژ - پىروزا ئەسەرلىرىدىكى كىتابخانلارنى جەلىپ قىلىدىغان يەنە بىر ئاساسىي ئامىل. گەرچە يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشى ئاساسىي ئىدىيىۋى تىندىنسىيىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بولىدىغان بولسىمۇ، پېرسوناژ خاراكتېرى تۇراقلاشتۇرۇلغان ھامان ئۇ ئالاھىدە خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان قانۇنىيەت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ، ئالاھىدە بىر تەقدىرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. چېۋەر يازغۇچى بۇ ۋاقىتتا ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئۆز ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرمايدۇ، بەلكى پېرسوناژنىڭ ئۆزخاراكتېر مەنتىقىسىنىڭ ئۇيغۇن بولغان سەرگۈزەشت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ، ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يول قويىدۇ.

«‹ مۇساپىرلار قاۋىقى› دا» دىكى شامىل، «قىرلىق ئىستاكان»- دىكى تۆت ئاغىنە ئەنە شۇنداق تەبىئىي يارىتىلغان پېرسوناژلاردۇر. بىز ئەگەر بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىزىدىن قوغلىشىپ، ھېكايە سۇژىتىنىڭ يېشىمگۇچە بىللە ماڭساق ئۇلار بىزنى سۇژىتنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە تەبىئىي ئىزچىللاشقان ئاجايىپ قىزىق- كومىدىيىلىك ھايات ھادىسىلىرىگە باشلاپ بارىدۇ.

ئاپتور كۈلكىلىك كومېدىيە ئارقىلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يورۇتۇپ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئىچكىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن ساتىرىك يەكۈن چىقىرىدۇ. دېمەك، دەل جايىدا قىلىنغان ساتىرىك مەسخىرە چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىكنىڭ دەل جاۋابىدۇر. شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، كومىدىيىلىك ۋەقەلەردىن ساتىرىك مەسخىرىگە ئۆتۈش، ساتىرىك مەسخىرىدىن جىددىي ۋە ئۆتكۈر تەشەببۇسلارغا ئۆتۈپ، ئۇنى ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق بىلەن يېشىپ بېرەلەيدىغان بولۇش يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدىن تېخىمۇ يۇقىرىراق قابىلىيەت تەلەپ قىلىدۇ. ئورنىغا چۈشكەن مەسخىرە كۈلكىسى كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى كەسكىن ئېچىپ بېرەلەيدۇكى، ئېھتىمال ساتىرىك مەسخىرە قىلىشتىن ئۆزگە چارە بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش قىيىن بولغان بولاتتى. بىز بۇ مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ دەلىلىنى ھېكايىلەرنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈرىمىز. ئالدى بىلەن «بۇرۇت ماجىراسى» دىكى مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇپ باقايلى:

«بۇرۇتى بارلارنىڭ يېنىدا چوقۇم پىچىقى بولماي قالمايدۇ... ئەجەب بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بىز بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاۋاتقان چاغدا سىزنىڭ بۇرۇتىڭىزنى قىردۇرۇۋېتىش خىيالىڭىزغا كەپ قاپتۇ-ھە؟! ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس.... ئارىمىزدا يەنە شۇنداق پىچاقچىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنى بىرەر پالاكەت تېرىمايدۇ، دەپ كىم

ئېيتالايدۇ ! ؟ قايتىپ بىرىپ بۇرۇتىڭىزنى قاچان قويغانلىقىڭىزنى، نىمە سەۋەبتىن چۇشۇرۇۋەتكەنلىكىڭىزنى، بۇرۇتىڭىزنىڭ شەكلىنى . . . ئەتىدىن قالدۇرماي بىزگە يېزىپ بىرىڭ ! » دېمەك مەسىلىنىڭ تۈگۈنى « مەن » نىڭ گۇمانخورلۇق قىلىش، ئەنسىرەش، قورقۇنچ ھېس قىلىشىدا ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق ۋەھىمىلىك، خۇنۇك كەيپىياتنى قايتىدىن قوزغاپ، كىشىلەر ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتقان بازار باشلىقىنىڭ كونا سىياسىي ۋاستىلەرنى قايتا ئىشقا سېلىشىدا.

ئەمدى « قىرلىق ئىستاكان » دىن تۆۋەندىكى قۇرلارنى كۆچۇرىمىز.

« قۇلاق سالسام تالادا بىرى تاراقشىغاندەك قىلىپ قالدى. بۇ ئاغىنىلەر ھويلىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ چىقسام، نېرىقى پېشايۋاندا بىرى شارقىرىتىپ بىر نىمە تۆكۈۋاتىدۇ. مەن سىلەرنىڭ بىرسىڭلار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ بىرىپ، ‹قوپە ۋاي قۇسۇۋېرەمسەن !›، دەپ گەجگىسىدىن تارتىپتىمەن، قارىسام دادام، بايا ئۇ، بامداتقا تەرەت ئېلىپ، ئاغزىنى چايقاپ، غار - غار قىلىۋاتقانىكەن . . . »

« ئۇلار دۇكاننىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ، تۇيۇقسىز تۇرسۇن تېكە شاگىرىت باللارنىڭ تاقا - تۇقا، جاڭ - جۇڭ قىلغان بولقا ئاۋازلىرىغا كەلتۇرۇپ، شۇنداق بىر ئۇسسۇلغا چۇشۇپتۇكى، ئۇنى زادىلا توختىتىۋالغىلى بولماپتۇ. يىلاندەك تولغىنىپ، تېكىدەك سەكرەپ، باخشىدەك چۆرگىلەپ، بېشىچە تىك تۇرۇپ، دۇمبىسىدە پىرقىراپ، بىردەمدىلا ھەممە ئادەمنى يىغىۋاپتۇ. »

« ساراڭ » دىكى مۇنۇ بىر ئابزاسنىمۇ كۆرۈپ ئۆتەيلى:

« - نىمە ئادەمسەن؟ نەدە ئىشلەيسەن؟ - دەپ سورىدى.

- ساراڭمەن! - دېدىم.

شۇنداق دىگىنىمىزنىلا بىلىمەن، ھېلىقىلار ئۈستى - ئۈستىگە دۇمبالاپ كېتىشتى. ئۇقسام، ھېلىقى ۋىجىك ساقچى باشلىقى ئوخشايدۇ. ساقچىلارنىڭ جوغى كىچىكلەرنى باشلىق قىلىپ، يوغانلىرىنى ئۇرىدىغانغا قويىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي!؟...»

ئاپتورنىڭ بۇخىل ھەجۋىي تۇس ئالغان تەپسىلاتلىرى شۇنچە يارقىن، يۇمۇرلۇق شۇنچە جايىغا چۈشكەنكى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتور بىر تەرەپتىن رېئاللىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، كومىدىيىلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەۋجۇت رېئال مۇناسىۋەتلەرگە باھا بېرىش ئىستىكىنى قاندۇرغان ھەم مەسخىرىلىك تەپسىلاتلار چىنلىقىدىن ھالقىغان تەلەپ، تەشەببۇسلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئىجادىيەت - يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر. بۇ ھېكايىلەر مەزمۇن جەھەتتىنمۇ، شەكىل جەھەتتىنمۇ يېڭىچە ئىزدىنىشنىڭ مەسئۇلى سۈپىتىدە بۈگۈنكى دەۋر ھېكايىچىلىقىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇشقا ھەقلىق. چۈنكى پروزىمىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى نوقۇل مەدھىيىۋازلىقتىن كۆپ تەرەپلىملىك ئىزدىنىشكە يۈزلەندى؛ دەۋرنىڭ تەلىپىنى تولۇق چۈشەنگەن، تۈرلۈك توسالغۇ، قىيىنچىلىقلارنى ئۇتۇقلۇق يېڭىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپلا قالماستىن، ئىسلاھات جەريانىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىمۇ ئەكىس ئەتتۈردى. ھەر قايسى ساھەلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرگە ئويلاشقا، ئىشلەشكە، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت بېغىشلاپ، مىللەتنىڭ ئاڭ - سېزىمى، روھى قىياپىتىدىكى ئېچىلمىغان تىنىڭ يەرلەرگە يورۇش قىلدى، ئۆزگىرىش، گۈللىنىش،

جانلىنىش بولۇۋاتقان تەرەپلەر بىلەن تېخىلا بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، يېڭىلىنىشنىڭ تىۋىشىمۇ بولمايۋاتقان تەرەپلەرنى ئۆتكۈر ھالدا سېلىشتۇرۇپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تاللاش ئىقتىدارىنىڭ ئويغىنىشىغا تۈرتكە بولدى. كىشىلەر بۇخىل ئەسەرلەرگە ئالاھىدە نەزەر تاشلاپ، ئىسلاھات دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان بولۇشتى.

بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ئەگەر بۈگۈنكى تۇرمۇش ئېھتىياجى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بۇ خىل جىددىي تەلەپلەرنى، بولۇپمۇ ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي تۇرمۇشىدىكى ئاكتۇئال زىددىيەتلەرنى تارتىنماستىن ئېچىپ تاشلاپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللىي خاراكتېرنىڭ كامال تېپىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان نۇقسانلارنى سەممىيلىك بىلەن مەسخىرە قىلالىسا، بۇنداق مەسخىرە كىشىلەرنى ئۈستىدىكى چاڭ - توزان، ئۆمۈچۈك تورلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئالغا بېسىشقا تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلىنىدۇ.

يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئالاھىدە ئىزدىنىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە گەۋدىلىك كۆزگە تاشلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى، ئەسەرلىرىدە قوش قاتلاملىق پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ يارىتىلغانلىقىدۇر. ئاپتور ئىپادىلەش جەھەتتە، «مەن»-نىڭ «ئىككىنچى مەن» بىلەن بولغان رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى ۋاستە قىلىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ چىقىۋاتقان «ھېكايىلەر چاتمىسى» نى شەكىللەندۈرىدۇ. نەتىجىدە ھېكايىلەردە خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگىچە بولغان ئىككىنچى قاتلامدىكى پېرسوناژلار پائالىيەت سەھنىسىدە رول ئېلىشقا باشلايدۇ. . .

«باياتچى مەن» بىلەن ئاپتور قىياپىتىدە رول ئېلىۋاتقان «ئىككىنچى مەن» نىڭ ئەقلىنى، مىجەز، غەلىتە تەبىئەتلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشقا نەزەر تاشلىنىپ، ھاياتنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق، كومېدىيىلىك بىر سەھىپىسى كۆرسىتىلىدۇ.

ئىپادىلەش جەھەتتىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك مۇنتاز ئۇسلۇبىنىڭ ئىجادىي تەتبىقلىنىشىدۇر. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تەپسىلات، سۈرئەت، كۆرۈنۈش، مۇلاھىزىلەر كومپوزىتسىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىن خۇددى كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدەك بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بىر تۈگۈنۈش ھەل قىلىنسا ئىككىنچىسى، ئىككىنچىسى ھەل قىلىنسا ئۈچىنچىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى شۇنداق داۋاملاشتۇرۇلۇپ، كىتابخاننى قىزىق كىنو ياكى تېلېۋىزىيە فىلىمى كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلاردەك مەپتۇن قىلىۋېلىپ، ھېكايە ئاخىرلاشمىغۇچە ئۇنى قولدىن چۈشۈرمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

«قىرلىق ئىستاكان» ناملىق ھېكايىدىكى تەپسىلات، سۈرئەت، كۆرۈنۈشلەر ئەنە شۇنداق مۇنتاز قىلىنغان (باشقىلىرىمۇ شۇنداق). ئولتۇرۇش ئاتۇنۇش كىشىنىڭ «قەھرىمان» لىقى بىلەن قىزىپ، قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىش باشلىنىپ كېتىدۇ. تۇرسۇن تېكە ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇلغىمۇ، ساماغىمۇ، ئادۇنۇشكىغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئويۇن ئوينايدۇ. ئاخىر ئۇلار بىر - بىرىنىڭ نەلەردە قالغانلىقىنى بىلمەستىن تارقىلىپ كېتىدۇ. ئىشنىڭ قىزىق يەرلىرى ئەتىسى مەلۇم بولىدۇ: «مەن» كۆمۈرخانىدا ئۇخلاپ قالغان بولىدۇ. تۇرسۇن تېكە ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلنى ئۆيىگە بارغىچە ئويناپ، داۋامىنى تاڭ ئاتقۇچە خوتۇن، بالىلىرىغا ئويناپ بېرىدۇ. رەجەپ تەرەت ئېلىۋاتقان دادىسىنى قوسۇۋاتقان مەست دەپ ئويلاپ گەجگىسىدىن

تارتىپ تىل ئاڭلايدۇ. ئابدۇل تېرە سۆزلەپ قالىدۇ. ھېكايە يەنە
ئاخىرلاشمايدۇ. ئابدۇل تېرىنى داخانغا ئوقۇتۇپ مەسلە ھەل بولماي
سارائلار ساناتورىيىسىگە يولغا سالىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن تۇرسۇن
تېكە ساناتورىيىگە ئۆزى كېتىدۇ. ھېكايە يەنە ئاخىرلاشمايدۇ. ئەمدى
بىر يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نام - شەرىپى ئاڭلانغىلى تۇرىدۇ.
ئابدۇل شائىر بولۇپ، تۇرسۇن تېكە سەنئەتچى بولۇپ داڭ چىقىرىدۇ.
قىسقىسى، زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ كەتكەن ۋەقەلەر شۇنچە ماھىرلىق
بىلەن مۇنتاژ قىلىنىدۇكى ، يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر قانىتى كەڭ
يېيىلىپ، بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئاجايىپ سىرلىق بولغان كارتىنىسىنى
سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، ۋەقەلىك ساقلىنىش تەس بولغان بىر
مۇقەررەرلىككە ئېلىپ بارىدۇ. قارىماققا كىشىنىڭ ئىشەنگىسى
كەلمەيدىغان ۋەقەلەر يازغۇچى تەسەۋۋۇرىنىڭ سەنئەتكارلارچە
جانلاندۇرۇشى ۋە تولۇقلىما قىلىشى ئارقىلىق ئىشەنمەيمۇ مۇمكىن
بولمايدىغان چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان ۋەقەلىككە ئايلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ
كەچۈرمىشلىرى بىزگە شۇنچىلىك تونۇشكى، ھەر بىر كىتابخان
تەبىئىي ھالدا بۇ پېرسوناژلار بىلەن تەكرار - تەكرار دوقۇرۇشقاندەك
ھېس قىلىدۇ. « ‹ مۇساپىرلار قاۋىقى › دا » دىكى شامىل ئۆزىدە
يوق خىسلەتلەر بىلەن ماختىنىپ، تېتىقسىز شېئىرلىرى بىلەن
سورۇن ئەھلىنى سەسكەندۈرىدۇ. ئۇ تېتىقسىز پولىرى نەتىجىسىدە
يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا بارا - بارا بىزگەنا تونۇش ئادەمگە
ئايلىنىپ كېتىدۇ. « ساراڭ »، « بۇرۇت ماجىراسى »، « قىرلىق
ئىستاكان » قاتارلىق ھېكايىلەردىكى ئاساسىي پېرسوناژلارمۇ خۇددى
شۇنداق ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش ئادەملەرگە ئايلىنىپ، بىزنى
كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، چىگىش، سىرلىق
مۇناسىۋەتلەرگە، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ قىزىق ۋە سېھىرلىك

قايناملىرىغا باشلاپ كىرىدۇ، بىزنى هايات ھەققىدە، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ھەققىدە قايتا تەپەككۇر قىلىشقا، بايقاش، تاللاش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ، بۈگۈنكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى مۇرەككەپلىكنى يېتەرلىك يورۇتۇپ، ئۆزگىچە بولغان بىر ياشاش يولىنى تاللىۋېلىشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ.

يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ئۆزىگە خاس كۆزىتىش، تونۇش، ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئادىتىگە ئىگە يازغۇچى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ بۇ بىر قاتار ئەسەرلىرى پىروزىچىلىقىمىزدىكى قېلىپلاشقان ئۇسۇللاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. تونۇش، پىكىر قىلىش ئېڭى جەھەتتىمۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ، كىشىلەر تېخى بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى بىر نوقتىدىن بۆسۈپ چىققى.

بىز يازغۇچىنىڭ يېڭى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىگە يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز!

1992 - يىل 15 - ماي، غۇلجا

# تېپىچان ئېلىيوۋ شېئىرلىرىدىكى مېتافورىلار

مېتافورا - گىرېك تىلىدىكى « metahora » (كۆچۈرۈش، ئالمىشىش) دېگەن سۆزدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن ئۇقۇمنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈرۈلۈپ ۋە ئالماشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىشىدۇر.

لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدە قارىلىدىغان سۆزنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، سۆزنىڭ تاۋۇشلۇق پوستى، ئىككىنچىسى، سۆزنىڭ ئىچكى مەنىسى، مېتافورا بولسا، سۆزنىڭ ئىچكى مەنىلىك تەرىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مېتافورا دەل كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. كۆپ مەنىلىك بولۇش ( پولىسېمىيە ) ھادىسىسى بارلىق تىللارغا ئورتاق خۇسۇسىيەت بولۇپ، پولىسېمىيە سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنىمۇ، يېڭى، ئىجادىي مەنىسىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ ھەم شەرھلەيدۇ.

سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى كونكرېت بولۇپ، مەلۇم ئۇقۇمنى يەنى شەيئى - ھادىسىلەرنى، سۈپەت - بەلگىلەرنى، ئىش - ھەرىكەتنى بىۋاستە ئىپادىلەپ، سۆزنىڭ باشقا كۆچمە مەنىلىرىگە قارىغاندا روشەن مۇستەقىللىككە ئىگە بولىدۇ.

مەسىلەن: « باش » دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئادەم،

ھايۋان، قۇش قاتارلىق جانلىقلارنىڭ بەدەن ئەزالىرىدىن بىرى بولغان «باش» نى بىلدۈرىدۇ. ئەمما سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئوبرازلىق بولۇپ، ئەسلىدىكى ئۇقۇمنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىككىنچى بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شەرتلىك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «تاغنىڭ بېشى»، «يولنىڭ بېشى»، «سولنىڭ بېشى»، «يىلنىڭ بېشى»، «ئىشنىڭ بېشى»، «سۆزنىڭ بېشى» قاتارلىق بىرىكمىلەردە شۇ نەرسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئەسلى ئۇقۇمنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك مەنىسىگە ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈپ يېڭى؛ ئىجادىي مەنە بىلدۈرۈشى سۆزنىڭ «كۆچمە مەنىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق كۆچمە مەنىسىدىن پايدىلىنىپ، شەيئى - ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئىچكى تۇيغۇ، پىكىر - ھېسسىياتلارنى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئويلاندۇرۇپ، زېھنىنى ئاچقۇدەك ئۆتكۈر مەنىلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىستىلىستىك ۋاسىتە مېتافورا، دەپ ئاتىلىدۇ.

مېتافورا خەلق تىلىدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. شۇڭا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ مەنىلىك، ئىپادىلىك، بولۇش - بولماسلىقى مېتافورىلىق ئىپادىلەشنىڭ قانچىلىك قوللىنىلغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئىچىدە شائىر تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرىي تىلىنىڭ ئۇنۇمدارلىقىغا تاڭ قالمايدىغان كىشى يوق دېيەرلىك. بۇنداق بولۇشتا باشقا نۇرغۇن سەۋەبلىرىدىن تاشقىرى، مېتافورىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى شائىر تېيىپجان شېئىرلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى

تەمسىلىگەن ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.

تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرىي تىلىدا مېتافورىلار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مېتافورىلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس، بىز پەقەت ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان مېتافورىلارنىڭ بىر قانچە تۈرى ھەققىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز. تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرىي تىلىدىكى مېتافورىلار تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل شەكىلدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

## 1. خەلق جانلىق تىلىدا قېلىپلىشىپ كەتكەن مېتافورىلار

مېتافورا ئىستىلىستىك ۋاستە سۈپىتىدە بەدىئىي ئەدەبىيات تىلىدا ئالاھىدە ۋەزىپە ئاتقۇرىدۇ. خەلق تىلىدىكى مېتافورىلار سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈررۈلۈشى نەتىجىسىدە مۇئەييەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە لوغەت مەنىلىرىنىڭ ( چۈشەندۈرمە سۆزلۈك قاتارلىقلاردا ) ئىچىگە كىرىدۇ. بۇنداق يېڭى ئىجادىي مەنىنى خەلق بىردەك چۈشىنىدۇ، بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئورتاق قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات تارىخىدا مېتافورىلىق ئۇسۇل بويىچە پەيدا بولغان بۇنداق يېڭى، ئىجادىي مەنىلەر ناھايىتى نۇرغۇن. مەسىلەن: « ئاق » سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى « رەڭ » نى بىلدۈرىدۇ. « ئۆتكۈر » سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى مېتالدىن ياسالغان ئەسۋابنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كونكرېت ئىپادىلەيدۇ. خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىمۇ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىمۇ ئوخشاشلا قوللىنىلىدىغان «ئاق كۆڭۈل»، «ئاق يول»، «ئاق ئادەم »، «ئاقلاش »، « ئاقارتىش »، « تىلى ئۆتكۈر »، « قەلىمى ئۆتكۈر»، «كۆزى ئۆتكۈر » قاتارلىق بىرىكمىلەردە بۇ سۆزلەرنىڭ

قوشۇمچە يېڭى مەنىلىرى ئىپادىلەنمەكتە. شائىر - يازغۇچىلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇراقلىق، تەييار مېتافورىلارنى ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىجادىي قوللىنىدۇ. شائىر تېيىپجان ئېلىيوۋ خەلق تىلىدا قېلىپلىشىپ كەتكەن مۇنداق مېتافورىلارنى ئىنتايىن دەل جايىدا قوللىنىشى بىلەن ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن سۆز سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر خەلق تىلىغا ئىنتايىن باي بولغاچقا ئۆزىنىڭ شېئىرىي پىكىر، چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇلىرىنى خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىكى مېتافورىلار ئارقىلىق ئوبرازلىق، راۋان، ئۇنۇملۇك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن.

بىر چاغدا ئاستا گەپ ئېچىپ،
باقسام شۇ گەپتىن گەپ تېشىپ،
گەپنى يىراققا ئەپقېچىپ،
دەرد سالدى دەردكە تۆپىلەپ.
(«بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى» دىن)

قېنىڭنى قايىنتىپ غەزەپنىڭ تەپتى،
ئىنتىقام سېنى ئۈندىدى جەڭگە.
(«سارىيە» دىن)

سىنچىلاشنى بىلمىسەڭ ھۆكمىڭ خاتا،
كۆركىن ئايرىپ سانىماي سەككىز دېمە.
(«سىنچىنىڭ سۆزى» دىن)

ئېرى چۈشىدىمۇ لېكسىيە ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قىلاتتى هارام.

( «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» دىن)

بىزىگىنە بىلەن قۇدۇقلار قېزىپ،
جوتۇ بىلەن تاغنى ئاغدۇرۇپ،
بىنا قىلدۇق زۇلمەت چۆلىدە،
ئازادلىق گۈلى ئېچىلغان باغنى.

( «ۋەتىنىم شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ» دىن)

بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان بىرىكمىلەر كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان، خەلق تىلىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان قېلىپلىشىپ كەتكەن مېتافورىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى كۆچمە مەنىلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ھەممىگە ئىنتايىن چۈشىنىشلىكتۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ماقال - تەمسىللەر، ئىدىيوم سۆزلەر مانا شۇنداق تۇراقلىق مېتافورىلار ئارقىلىق تۈزۈلگەچكە يادلىۋېلىشقا، ئەستە ساقلاشقا ئاسان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان. شۇنىڭدەك پىكىر قىلغۇچىنىڭ تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى، مەنىلىك، ئىپادىلىك بولۇشنى تەمىن قىلىدىغان تەييار پوئېتىك ماتېرىيالغا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا خەلق تىلىدىكى جەۋھەرلەرنى دەل جايىدا تېپىپ، ئۆز ئورنىدا قوللىنالىشى ئۇنىڭ خەلق تىلىدىن قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تىل سەنئەتكارى بولۇشتەك ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوۋ مانا شۇ جەھەتتىن بۈگۈنكى دەۋر تىل سەنئەتكارلىرى ئۈچۈن بىر ياخشى ئۈلگە ۋە مۇناسىپ ئۇستازدۇر.

بۇلا ئەمەس، تېپىپجان ئېلىيوۋ تەييار مېتافورىلارنى دەل جايىدا قويۇپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە، خەلق ماقال، تەمسىل. ئىدىيوملارنى شېئىرىي رېتىم ، شېئىرىي ئىنتوناتسىيىگەچۈشۈرۈپ ئىشلىتىشتىمۇ ئۆز ماھارىتىنى قالتىس جارى قىلغۇچىدۇر.

بۇ گەپنى تەگىمىسە تەگمەيتتىم،
كەلمەيتتى مېنىڭ گەپدان ئاتالغىمۇ،
دەۋالاي ئەمدى « گەپكە گەپ كەلگەندە
قايتمىغىن دەپتىكەنغۇ ئاتاڭدىنمۇ. »
( « ئوغرى ، نىڭ ئەسلىمىسى » دىن )

سۇ ئەكەلگەنلەر خارۇ -زار بولۇپ،
كوزا چاقانلار قاقاقلاپ كۈلدى.
يولداش لىن جىلۇنى چانغان قىلىچ،
لوتۇننىڭ بېشىغا تەگلەندى ئەمدى.
( « ئەسلەش » دىن )

كونىلارنىڭ جىق گېپى ھەق - راست،
كېتەلمىگەن لېكىن ئاقتۇرۇپ،
ئۆلار ئۆزلىرى قىلالمىغاننى ،
كەتكەن ئىكەن بىزگە تاپشۇرۇپ.

« ئاتالمىغان ئاتىسى قوڭغۇز،
بىراق بالىسى ئېتىپتۇ توڭغۇز. »
ۋە « دەسلەپكى چىققان قۇلاقتىن،
ئېشىپ كېتىدۇ، كېيىنكى مۈڭگۈز »
( « ئىگىلىك سۇ » دىن )

بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان بىرىكمىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق شائىرنىڭ خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى قانداق قىلىپ دەل جايىدا قوللىنىشتىن تاشقىرى، قانداق چېۋەرلىك بىلەن شېئىرىي رىتىم، شېئىرىي ئىنتوناتسىيىگە سالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

## 2. يەككە شائىر - ئىجادكارلارغا مەنسۇپ بولغان مېتافورىلار

مېتافورىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئوي - پىكىرنى كۆچمە مەنىدە ئوبرازلىق (مېغىزلىق) ئىپادىلەش رولىنى ئويناش بولغانلىقتىن ھەربىر سۆز سەنئەتكارى ئىجادىيەت جەريانىدا مېتافورا ۋاستىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىل ئوبرازى يارىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى زۆرۈر. يەككە شائىر - ئىجادكارلارنىڭ تىل ئىستىلىدىكى بۇ خىل مېتافورىلار ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولۇۋېرىشى ناتايىن. يەنى بۇنداق مېتافورىلىق قوللىنىشلارنى سۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تىل چېۋەرلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇلارنى ئىجادكارنىڭ مۇئەييەن سۆز، سۆز بىرىكمىسىگە ئالاھىدە يېڭى، ئىجادىي مەنە بېرىپ قوللىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرىي تىلىدا مانا مۇشۇ خىل مېتافورىلىق تىل چېۋەرلىكى ئىنتايىن مول ۋە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شائىرنىڭ شېئىرىي تىلىغا قانات پەيدا قىلىپ، شېئىرلىرىغا جان كىرگۈزۈۋەتكەن.

دىلبەرنىڭ كۆزىدىن كۆلكە ئاختۇرۇپ،
يېلىنىپ يالۋۇرسام شۇنچە ئاھ ئۇرۇپ،

ئۇ دېدى: كۆزۈمدىن كۆلكە ئىزدىسەڭ،
رەقىبىنىڭ كۆزىگە قادال ئوق بولۇپ.
ئەنە شۇ كۈنۈي روبائىلار » دىن )
لوندۇن قوزغىنى
ئەگىپ قونۇپ سېنىڭ مەلەڭگە.
چاڭگال سېلىپ يۇرتداشلىرىڭغا،
غەزىپىڭگە بولدى سەرەڭگە.
قېنىڭنى قايناتىپ غەزەپىنىڭ تەپتى،
ئىنتىقام سېنى باشلىدى جەڭگە.
( «سارىيە» دىن )

ئىمتىھان بەرمەي ئاق قەغەز بېرىپ،
بەزىلەر يۇرۇشتى مەيدىنى كېرىپ،
بۇنداقلار ھەرگىز تىكمەيدۇ كۆچەت،
مېۋىنى يەيدۇ شېخىنى يېرىپ.
( «روبائىلار» دىن )

ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ باھارنى،
بىز سۆيۈشكەن ئاشۇ گۈلنىڭ تۈۋىدە،
مۇھەببەتنىڭ ئىككى مىسرا بېيىتى،
جەم بولغانتى ئىككىمىزنىڭ لېۋىدە.
( « يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا» دىن)

ئۆمۈر تىللاسىنى بىنەپ بازاردا سانىماي خەجلەپ،
سۇنۇق يارماققازار بولدۇم مېنىڭ سودام كاسات ئەمدى.
( «ئەمدى» دىن )

مىسالغا ئېلىنغان بۇ پارچىلاردىكى «كۆلكە ئاختۇرۇپ»، «كۆلكە ئىزدىسەڭ»، «غەزىپىڭگە

بولدى سەرەڭگە »، « تىكمەيدۇ كۆچەت »، « مېۋىنى يەيدۇ شېخىنى يېرىپ »، « مۇھەببەتنىڭ ئىككى مىسرا بېيىتى »، « ئۈمۈر تىللاسى »، « سانىماي خەجلەپ »، « سۇنۇق يارماق »، « مېنىڭ سودام » دېگەنگە ئوخشاش بىرىكمىلەر مېتافورا ئۇسۇلى بويىچە ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئىستىلىستىك يېڭى مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. شۇڭىدەك ئىنتايىن ئۆتكۈر مەنىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. مانا بۇلار تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىغا كىرىپ كەلدى.

تىل ئىشلىتىش جەھەتتە تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ مۇقەددەس ئىككى بۇرچى بار. بۇنىڭ بىرى، خەلق تىل بايلىقىدىن تولۇق ۋە ئەركىن پايدىلىنىپ، خەلققە چۈشىنىشلىك بولغان تىل بىلەن مۇئەييەن ئۇقۇمنى ئەڭ دەل ئىپادىلەپ بېرىش؛ يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ تىل سەنئەتكارلىق ماھارىتى بىلەن خەلق تىلىنى بېيىتىپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تەكەممۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. تېيىپجان ئېلىيوۋ يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇنداق بۇرۇچنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنلىغۇچى تالانتلىق تىل سەنئەتكارىدۇر.

## 3. ئارىلىق سۈپەتتىكى مېتافورىلار

ئومۇمي خەلققە مەنسۇپ بولغان مېتافورىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى خەلق ئۆزى يارىتىدۇ. ئۇلار خەلققە بىردەك چۈشىنىشلىك بولۇپ، خەلق ئۇنى جانلىق تىلدا ئەركىن قوللىنىدۇ. جۈملىدىن تىل سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن يارىتىلىپ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىدىغان مېتافورىلارمۇ بارا ـ بارا قېلىپلىشىپ، ئومۇمي خەلق تەرىپىدىن

بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان بولسا، ئۇلارمۇ ئومۇمىي خەلققە ئورتاق خاراكتېردىكى مېتافورىلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياننىڭ مەھسۇلىدۇر. دېمەك مۇشۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا تۇرغان، لېكىن، تېخى ئومۇمىي خەلققە ئورتاق خاراكتېر ئالمىغان، يەككە سۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھىرلىقىغا خاس بولغان مېتافورىلار ئارىلىق سۈپەتتىكى مېتافورىلار دەپ ئاتىلىشقا تېگىشلىك.

«كۆتۈرگەيمەن بېشىمدا دەپ لاپ ئۇرغاننىڭ (كۆتۈرمەي قوي)،
مېنىپ گەجگەمگە ئەكسىنچە «ئېلىپ» قەددىمىنى «يا» قىلدىڭ.
(«ئەجەب گەپقۇ» دىن)

بارىكەن يوتقان يىغىش كەسپى ئۇنىڭ،
ئاڭلىغانتىم، ئەمما يالغان دەپتىمەن.
(«دەپتىمەن» دىن)

مۇھەببەتنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ - باراۋەرلىك،
مېنى نىچۈن ساناپ داڭگال، ئۆزۈڭنى بىباھا قىلدىڭ،
ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۈر ئىكەن سەن ئوقۇغان بابتا،
ئەمەس بولسا نىمىشقا مەن ۋاپا قىلسام جاپا قىلدىڭ.
(«ئەجەب گەپقۇ» دىن)

بۇ مىسرالاردىكى «ئېلىپ»، «يا»، «يوتقان يىغىش»، «داڭگال»، «تەتۈر» دېگەن سۆزلەر ئادەتتە خەلق تىلىدىمۇ، ئەدەبىي تىلدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇلارمۇ مېتافورىلىق ئۇسۇل بويىچە كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بىراق، بۇ سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرى تېخى قېلىپلىشىپ، لوغەت مەنىلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرگىنى يوق. بۇ

خىل سۆزلەرنىڭ تەقدىرى ئىككى خىل بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ياكى تەرەققىيات جەريانىدا تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، تۇراقلىق مېتافورىلارغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ياكى، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق خاراكتېرگە ئىگە بولالماي، يەككە ئىجادكارلارنىڭ تىل ئىستىلىستىكىسىدىكى مېتافورىلار سۈپىتىدە قېلىۋېرىشى مۇمكىن. تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرىي تىلىدا خەلق تىلى بىلەن ئەنە شۇنداق يېقىن ۋە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئارىلىق سۈپەت ئالغان مېتافورىلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

## 4. كۆپ مەنىلىك مېتافورىلار

تېيىپجان ئېلىيوۋ شېئىرلىرىدا يەككە مەنىلىك مېتافورىلارلا ئەمەس، بەلكى كۆپ مەنىلىك مېتافورىلارمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

كۆپ مەنىلىك مېتافورا دېگىنىمىز مەنىسى ئىككىدىن ئارتۇق بولغان كۆچمە مەنىلەردە قوللىنىلىشقا بولىدىغان مېتافورىلاردۇر. ئۇ خەلق مېتافورىلىرى ئىچىدىمۇ، يەككە شائىر - ئىجادكارلارنىڭ تىل ئىستىلىستىكىسىدىكى مېتافورىلاردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن:

مەن ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەس شۇ باغقا كىرگەندىن بېرى،
ئوخشىدىم پەرۋانىگە سەن يارنى كۆرگەندىن بېرى.

ئەگدى شاخنى مېۋىسى، تىللارنى ياردى شىرنىسى،
پەرۋىشىدىن باغ قېنىپ لەززەت سۈمەرگەندىن بېرى.

باغ قىزى، باغ مەپتۇنى، باغ ئاشىقى قىلدىڭ مېنى،
باغقا باغلاندىم ساڭا ئىشقىمنى بەرگەندىن بېرى.
( « شۇندىن بېرى » دىن )

كەتسەڭمۇ سەن خوشلىشىپ تىرىكلىكتىن،
روھىمىز ئۆتەر يەنە قۇچاقلىشىپ.
تىنچ يات، سەنمۇ كۆچەت تىككەن بۇ باغ،
ياشنايدۇ چوقۇم كۆركەم ئاۋاتلىشىپ.
( « مەرھۇم دوستوم قاۋسىلقانغا مەرسىيە » دىن )

يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى « باغ » سۆزى كۆپ مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. بىرىنچىدىن، ئەسلى مەنىسى «باغ » نى، ئىككىنچىدىن، مۇھەببەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقىنى، ئۈچىنچىدىن، مۇھەببەتتىن نەسەللى تاپقانلىقىنى ئىپادىلىگەن، تۆتىنچىدىن، ۋەتەن، يۇرت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن.
يەنە:

زاماننىڭ ھېكمەتلىك داستانى بۇگۈن،
سۈنئي ھەمرانىڭ نازۇك خىزمىتى.
كىم ئېيتىدۇ جەۋلان قىلدى دەپ،
كۆك توقايسىز ئۇنىڭ خىسلىتى.
( « كۆكتوقاي » دىن )

ئۆسەرقان ئىسىملىك شوپۇرنىڭ،
شۆھرىتى ئالتايدا بىر داستان.
نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ بىخەتەر،
يۈز تۈمەن چاقىرىم يول باسقان.
( « چۆلدىكى ئۇچرىشىش » دىن )

بەس، ئەمدى توختىتاي بۇئەسلىمەمنى
بەزىلەر دەيدۇ بۇنى: داستان ئىكەن.
دەڭلارا ئاۋۋال شۇنى، بۇ ئەسلىمەم،
ئۇغرىنىڭ تارىخىغا ئوخشامدىكەن.
(«ئۇغرى» نىڭ ئەسلىمىسى» دىن)

مەن ئەيمىنىپ گەپ ئاچمىغان بۇ قىسمىنى سەن باشلىغان،
ئەپسۇس، تېخى پۈتمەي تۇرۇپ يىرتىلسا داستان مەيلىمۇ؟
(«مەيلىمۇ» دىن)

بۇ مىساللاردىكى «داستان» سۆزىمۇ كۆپ مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. بىرىنچىدىن، «ئالەمنىڭ ھېكمەتلىك سىرى»، ئىككىنچىدىن، «كەڭ»، ئۈچىنچىدىن، «ئۇزۇن»، تۆتىنچىدىن، «مۇھەببەت ئەقىدىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. بۇخىل كۆپ مەنىلىك مېتافورىلار تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرىي تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تەمىن قىلىپ، كىتابخانلارغا دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرىشتە ھېچقانداق كەمتۈكلۈك قالمىغان دەرىجىدىكى مۇكەممەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇشۇ تەھلىللىرىمىزگە ئاساسەن شۇنى ئېيتالايمىزكى، تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ شۇنچە زور بولۇشى ئۇ قوللانغان مېتافورىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇكسەكلىكىگە ھەم مۇناسىۋەتلىك.

تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەڭ قوللىنىلغىنى مېنىڭچە مېتافورا ۋاستىسى. شائىر مېتافورىنىڭ خىلمۇ - خىل شەكىللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ياكى تەييار

مېتافورىلارنى ئىجادىي قوللىنىپ، شېئىرىي تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان هامان خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، كىتابخانلارنىڭ ئۆز مۈلكىگە ئايلانغان. هەرخىل سورۇنلاردا ئوقۇلۇپ، دېكلاماتسىيە قىلىنىپ، مىسالغا ئېلىنىپ، موزىكىغا سېلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز يېنىدىن ئاجراتمايدىغان ئېستېتىك ئوزۇقىغا، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈل تاجىسىغا ئايلانغان.

1993 - يىل 15 - يانۋار، غۇلجا